ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10813-8
定价:4.50元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

图书在版编目(CIP)数据

活着看天堂：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. -乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
（维吾尔民间故事）
ISBN978-7-228-10813-8

Ⅰ.活… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 -维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006094号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

活着看天堂（维吾尔文）
（维吾尔民间故事）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.625印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10813-8　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.625
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 ــ 5000
ISBN 978-7-228-10813-8
باھاسى: 4.50 يۈەن




# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر 55 كىتابچە نەشىردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇللىق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېيىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۈيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۇسكەك پادىشاھ (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قاينا، چۆگۈن (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەقىللىق كەنجى قىز (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەركىم قىلسا ئۆزىگە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يالتايغاق بوۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۈجمە سايىسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەپچىلەم (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئارغىماق ماجىراسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يەتتە لىڭگىلتاق بىلەن بىر شىڭگىلتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شىپتىلە بىلەن پىپتىلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئۆزارتىشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېشەكنى ئۆرۈپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قازان تۇۋى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شاھ بىلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، 2، 3، 4، 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، 2، 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

(بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن)



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


ياخشىلىق يەردە قالماس........................1

پادىشاھ بىلەن يۇھا ........................26

قېرىماس ياشلىق ........................39

تايغان بىلەن بۇركۇت ........................56

ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش ........................67




# ياخشىلىق يەردە قالماس

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ناھايىتى يىراق بىر ماكاندا، يىراق بولغاندىمۇ بىزدىنمۇ يىراق، يىراقتىكىلەردىنمۇ يىراق يەردە، ئاق دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى، كۆك دەريانىڭ سول تەرىپىدە، چىمەنتاغنىڭ بۇ يېقى، كۆيۈكتاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ناھايىتى خىلۋەت، ئەھلىئالەمدىن خالىي بىر ماكان بولغانىكەن. بۇ يەردە بىر بېخىل ئادەم ئايالى ۋە بىر ئوغلى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ جان باقىدىكەن. بۇ ئادەمنىڭ بالىسى تولىمۇ زېرەك ۋە چىرايلىق بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە كىچىكرەك بىر دەريا بار ئىكەن. شۇ چاغقىچە ھېچكىم بۇ دەريانىڭ قەيەردىن باشلىنىپ، قەيەرگە قۇيۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. بۇ ئوماق بالا داۋاملىق ئاشۇ دەريا بويىغا بېرىپ تاماشا قىلىشنى، سۈزۈك سۇلارنىڭ تېگىدە تاش ئارىسىدىن غىلدىرلاپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان بېلىقلارنى تۇتۇپ، قويۇپ بېرىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ بالا دەريا بويىغا بېرىپ قارى-غۇدەك بولسا، بىر چىرايلىققىنا كىچىك بې-لىق دەريانىڭ قىرغىقىغا يېقىن بىر بۇلاقتا سەك-رەپ ياتقۇدەك، بالا ئۇنى كۆرۈپ شەپە چىقارماي پەم بىلەن ھېلىقى چىرايلىق بېلىقنى تۇ-



تۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا قاراپ ئۇنى زادىلا قويۇپ بەرگۇسى كەلمەي، ئۆيدە باقماقچى بولۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. بالا بېلىقنى ئالقىنىدا ئويناپ ئۆيگە يېقىن بىر يەرگە كەلگەندە، بېلىققا بىردىنلا زۇۋان كىرىپ قاپتۇ. چىرايلىق بېلىق مەرۋايىتتەك كۆزلىرىنى بالىغا بىر خىل ئىلتىجا بىلەن تىكىپ تۇرۇپ:

— ئەي ئادەمزات پۇشتىدىن بولغان ئوماق بالا، گەر-چە سەن ئادەم، مەن ھايۋان بولساممۇ، ھەممىمىز خۇدانىڭ مەخلۇقى، خۇددى ماڭا ئوخشاش كىچىك ئىكەنسەن، ھەر-قاچان ئاتا - ئاناڭ ساڭا بەك ئامراقتۇ؟ مەنمۇ ئاتا - ئا-نامنىڭ ئامراق بالىسى. خۇددى ساڭا ئوخشاش مېنىڭ تۇ-غۇلۇپ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىمغا ئۇزاق بولمىدى، ئالەمدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى تېخى تولۇق كۆرۈپ بولغىنىممۇ

يوق، ماڭا رەھىم قىلىپ مېنى قويۇۋەت. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنىڭ ھاياتىم دەريا ـ دېڭىزلار بىلەن باغلانغان، سۇدىن ئايرىلسام، ئۇزاق ياشىيالمايمەن، ناھەق ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۆلۈپ كەتسەم، مەندىن ساڭا بىر لوقمىمۇ گۆش چىقمايـدۇ، ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق. مېنى ھەمراھلىرىم بىـلەن بۇ دۇنيادا ياشىغىلى قوي، خۇدايىم بۇيرۇسا، سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايمەن. تەڭرىم ساڭا ھېچقاچان ماڭا ئوخشاش تۇتقۇنلۇقنى بەرمىسۇن. بېـشىڭغا كۈن چۈشۈپ قالسا، مەن چوقۇم ساڭا ئەسقېتىپ قالىمەن، — دەپ ياش تۆكۈپ يالۋۇرۇپتۇ. بالا بېلىقنىڭ ياش تۆكۈپ، ئادەمدەك ئۆكسۈپ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بوپتۇ، ھەم ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ ـ دە، بېـلىقتىن ئۇنىڭ جېنىنى ئاغرىتىپ، ئازار بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپتۇ ھەمدە ئارقىسىغا يېنىپ بېلىقنى دەرياغا قويۇپ بېرىپتۇ. بېلىق سۇغا چۈشۈش بىلەنلا پىلـتىڭلاپ يايراپ كېتىپتۇ. بالا بۇنى كۆرۈپ خۇشاللانغان ھالدا ئۆيىگە قايتماقچى بولغانىكەن، بېلىق بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ:

— ئەي، ئاق كۆڭۈل ئادەمزات بالىسى، سەن مېنى ھاياتلىق ماكانىمغا قويۇپ بەردىڭ، ساڭا بەخت ـ سائادەت نېسىپ بولغاي، ساڭا كۆپ رەھمەت. بىز بۇنىڭدىن كېيىن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالايلى. سەنمۇ زېرىككەن چاغلىرىڭدا كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇرغىن، مەنمۇ سېنى

كۆرۈپ تۇراي، — دەپتۇ. بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپتۇ ۋە كۈندە دېڭىزدەك كېلىپ بېلىقنى يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. بالا ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، بېلىقنىڭ قىياپىتى ۋە گەپ - سۆزلىرى ئېسىگە كېلىۋېلىپ، بولغان ئىشلارنى ئۇنتۇيالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ بالا كۈندە دېڭىزدەك بېلىقنىڭ قېشىغا بارىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىدىغان، ئۇنىڭ سۇدا يايراپ، پىلتىڭلاپ ئوينىغان چىرايلىق ھالىتىنى تاماشا قىلىدىغان بوپتۇ. بۇ بالا كۈندە دەريا بويىغا بارغاندا قوينىغا بىر نان تىقىپ ئېلىپ بارىدىكەن - دە، ناننى بېلىقلارغا ئۇۋاپ بېرىدىكەن. بالىنىڭ دادىسى بەك پىخسىق بولغاچقا، بالا ناننى ئوغرىلىقچە ئېلىپ ماڭىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بالا بىلەن بېلىقنىڭ دوستلۇقى تېخىمۇ قويۇقلىشىپتۇ. بالا بېلىقتىن ئايرىلالمايدىغان، كۈندە دېڭىزدەك دەريا بويىغا كېلىپ بېلىققا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىش شۇنداق تەكرارلىنىۋېرىپتۇ. بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى، بۇ بالا ھەر كۈنى ئەتىگەندە چىقىپ كەتسە، كەچ بولماي پەيدا بولمايدىغان بولۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندە بىر نان يوقىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ بۇ بالا نەلەردە ھاڭۋېقىپ يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى بالىنىڭ دادىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يوشۇ-

رۇن ئەگىشىپ، تۇيدۇرماي دەريا بويىغا كەپتۇ. دادىسى بىر يەردە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قاراپ تۇرسا، بالا قوينىدىن بىر نان چىقىرىپ بېلىقلا ئۇۋاپ بېرىۋاتقۇدەك. بۇ ئادەمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىقىدىن سوزغان پېتى بالىنى ۋارقىرىتىپ، دۆشكەلەپ ـ سۆرەپ دېگۈدەك ئۆيىگە ئەكەپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپ، بالىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ، ھەتتا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. بالا تاياق زەربىسىدىن چالا ئۆلۈك بولۇپ قاپتۇ. بالىنىڭ ئاپىسى باغرى يۇمشاق ئايال ئىكەن، ئۇنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماي ئېرىگە ئېسىلىپ يالۋۇرۇپ، يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. بىچارە ئانا بالىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بالىنىڭ دادىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، بالىغا قاراپ:

ــ بوپتۇ، سېنى ئۆلتۈرمەي، شۇنداقتىمۇ ئەمدى ساڭا بۇ يەردە بىكار يەيدىغان نان يوق. كۆزۈمدىن يوقال! قېنى ئەمدى سەن كۈندە نان بېرىپ بېقىپ كېلىۋاتقان بېلىقلار ساڭا ئاتا ـ ئانا بولامدىكىن، ساڭا نان بېرەمدىكىن، ــ دەپتۇ. خوتۇنىنىڭ ئېسىلىۋېلىشلىرىغا، بالىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ قارىماي، بالىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بالا يىغلاپ ـ قاقشاپ دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ھېلىقى بېلىق ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. ياشاش ئۈمىدىنى ئۈزگەن بالا ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. دېگەندەك ئۆزد-

نى دەرياغا تاشلاپتۇ. بالا دەريادا ئېقىپتۇ ـ ئېقىپتۇ، ئا-
خىر بىر قايىنامغا كىرىپ هالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا
بىر لەھەڭ بېلىق كەپتۇ ـ دە، شىددەتلىك قايىنامنىڭ ئە-
چىگە كىرىپ بالىنى ئۈستىگە ئاپتۇ. بالا بۇ چاغدا ئاللى-
قاچان هوشىدىن كەتكەنىكەن. بېلىق بالىنى مەرۋايىت ئور-
دىغا ئەكەپتۇ. بۇ بېلىق بېلىقلار دۇنياسىنىڭ شاھى ئې-
كەن. بۇ بالا دوستلاشقان هېلىقى كىچىك بېلىق دەل مۇ-
شۇ شاھ بېلىقنىڭ ئەتىۋارلىق شاھزادىسى بولۇپ، بالىنى
دادىسى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن ئۇ دوستىنىڭ
ئۆلۈۋېلىش ئېھتىمالىنى سېزىپ، دەرھال شاھ ئاتىسىغا
خەۋەر قىلغانىكەن. شاھ بېلىق شاھزادىنىڭ ئىلتىماسىنى
قوبۇل قىلىپ، بالىنى قۇتقۇزۇپ قالغانىكەن. شاھ ۋە
شاھزادە بېلىق بالىغا ئېسىل دورىلارنى ئىچۈرۈپ، هالىدىن
ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، بالا تولۇق
هوشىغا كەپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئەتراپىدا نۇر-
غۇن بېلىقلار هېلىقى چىرايلىق كىچىك بېلىق بىلەن بىل-
لە ئۆزىنى تەبرىكلەۋاتقۇدەك. بېلىقلار ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچ-
قانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ. شۇ چاغدا بې-
لىقلارنىڭ شاھى بولغان لەھەڭ بېلىق بۇ يەرگە كەپتۇ. با-
لىنىڭ هوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال
بوپتۇ ۋە بالىغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن:
— ئەي ئادەمزات، سەن مېنىڭ سۆيۈملۈك شاھزادەمنى
قايتا هاياتلىققا ئېرىشتۇردۇڭ، شۇنىڭ بىلەن مېنى ۋە بار-

لىق بىلىقلار دۇنياسىنى مۇسىبەت ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلۇم بىلەن يېقىن دوست بولدۇڭ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىڭ. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى سەن مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ، خەيرىيەت. بىزمۇ خۇدانىڭ مەخلۇقى، ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى بىلىمىز. ئەمدى سىنىڭ خىزمىتىڭدە بولىمىز. مۇشۇ يەردە قال، مەن سىنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرىمەن، — دەپتۇ. بالىمۇ دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا بىلىقلار بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى تولدۇرۇپ، ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپتۇ. بالىمۇ تازا بوي تارتىپ چوڭىيىپ بىر قىران، باتۇر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى سۇ ئاستىدا تۇرۇپ ئىنسانلارنى سېغىنىپتۇ، ئادەمزاتنىڭ تۇرمۇشىنى ئەسلەپتۇ ۋە لەھەڭ بىلىققا ئەمدى ئۆزىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى، قۇرۇقلۇققا چىقىپ ئىنسانلاردەك ياشىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىگە ئىجازەت بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. لەھەڭ شاھ بالىغا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئىجازەت بېرىپتۇ. ئەتىسى پۈتۈن بىلىقلار بالىنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ قىرغاققا ئاچىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قاياققا بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بالا ئۆزى بۇرۇن كەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— ئۇ تەرەپكە بارىمەن، چۈنكى مەن دادامنىڭ يەنە غەزىپىگە ئۇچرىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز

گۇناھىم بولسا كېرەك. شۇڭا، دەريانىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆت-
كۈزۈپ قويۇڭلار، — دەپتۇ. بېلىقلار بالىنىڭ پىكرىگە
قوشۇلۇپ، ئۇنى بىر دولقۇنغا مىندۈرۈپ دەريانىڭ يەنە بىر
ساھىلىغا ئاچىقىپ ئۈزىتىپ قويۇپتۇ. بالا دەريادىن ئامان -
ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، قۇياشنىڭ قىزىق
ھارارىتىدە كۆزىنى ئاران - ئاران ئېچىپ ئەتراپقا نەزەر
ساپتۇ. ئۇ ئۇياققا قارىسىمۇ قۇملۇق، بۇياققا قارىسىمۇ
قۇملۇق كۆرۈنۈپتۇ. بالا بىرئاز قورقۇپتۇ ۋە تەۋەككۇل قى-
لىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئېلىۋال-
غان ئۇزۇقىمۇ تۈگەشكە باشلاپتۇ. ماڭسا - ماڭسا، بۇ يەر-
نىڭ ھېچ ئايىغى چىقمىغۇدەك، شۇنچە كۆپ ماڭسىمۇ، يە-
نىلا ئوخشاش بىر خىل پايانسىز چۆللۈكتە كېتىۋاتقۇدەك.
ئاخىر ماڭغۇدەك ماجالى قالماي، ئارام ئالاي دەپ ئويلاپ
ئۆزىنى قۇم دۆۋىسىگە تاشلاپتۇ - دە، يېتىپلا ئۇخلاپ قاپ-
تۇ. قانچىلىك ئۇخلىغانلىقى نامەلۇم، بىر چاغدا قاتتىق
بوران چىقىپ، چۆل ئاسمىنىدا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەش
پەيدا بولۇپ بالىنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. بالا كۆزىنى ئېچىپ
قارىسا، ئاسماندا بىر زور قۇش كۆرۈنۈپتۇ، قۇش بارغان-
سېرى پەسلەپتۇ. پەسلەپ - پەسلەپ ئاخىر بالىغا يېقىن-
لىشىپتۇ - دە، بالىغا جەھلى بىلەن تاشلىنىپتۇ. بالىمۇ
بوش كەلمەپتۇ. ئۇلار ئېلىشا - ئېلىشا ئاردىن بىر كېچە -
كۈندۈز ئۆتۈپتۇ. بالىمۇ، قۇشمۇ ھالىدىن كېتەي دەپ قاپ-
تۇ، لېكىن قۇش شۇ ھالەتتىمۇ يەنىلا بالىغا ھۇجۇم قىپ-

تۇ. بالىمۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئەجەل بىلەن ئېلىشىپ-
تۇ. قۇش شۇنداق ئېتىلىپ كەلگەنىكەن، بالا يەردىن تاش
ئېلىپ قۇشقا ئېتىپتۇ. تاش قۇشقا تېگىپتۇ ـ دە، پالاق
قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇش يەرگە يىقىلىپتۇ. بالا قارد-
سا، قۇش چالا ئۆلۈك ھالەتتە ياتقۇدەك. بالىنىڭ بۇ قۇشقا
ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ، دان يېگۈزۈپ،
ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. قۇش بىرھازادىن كېيىن ھو-
شىغا كەپتۇ. قارىسا، ئۆزى يېمەكچى بولغان ھېلىقى ئادەم
ئۆزىگە سۇ ئىچۈرۈپ، دان يېگۈزۈپ ئولتۇرغۇدەك. قۇش بۇ
ھالدىن قاتتىق ھەيران، ئۆزىنىڭ قىلغان ياۋۇزلۇقىدىن
چەكسىز پەرىشان بوپتۇ ۋە بالىغا قاراپ:
— ئەي ئادەمزات بالىسى، سەن مېنى نېمىشقا ئۆلتۈ-
رۈۋەتمەي قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭ، مەن سېنى يېمەكچى بولغان
ئەمەسمىدىم؟ راست، ئەسلىدە مەن سېنى يېمەكچى بولغا-
نىدىم، بىراق سەنمۇ بوش كەلمەي ماڭا تاقابىل تۇردۇڭ.
ئادەمزاتنىڭ باتۇر، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغاند-
دىم، ئەمما ئانچە ئىشەنمىگەنىدىم، بۈگۈن راستتىنلا قايىل
بولدۇم. مەن سېنىڭ مەرد ۋە رەھىمدىللىقىڭدىن تەسىر-
لەندىم، ئەمما ئۆزۈمنىڭ نامەردلىكىمدىن ئازاب چەكمەك-
تىمەن، ساڭا قارىيالمايۋاتىمەن. مېنى تېز ئۆلتۈرۈۋەت،
مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم، نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن؟ — دەپتۇ.
بالىمۇ خىجىل بولغان ھالدا:
— ئەي قۇش، مەنمۇ سەندىن خىجالەت بولۇۋاتىمەن.

مەن سېنى ئىمجان قىلىپ قويدۇم، مېنى ئەپۇ قىلغىن. مەن ئۆزۈمنى قوغدايمەن دەپ سېنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈ-رۈپ قويدۇم. سېنىڭ بۇ ھالىتىڭنى كۆرۈپ قاتتىق پۇشاي-مان قىلىۋاتىمەن. مەن بىر يېگانە ئادەم، مېنىڭ بۇ قۇمە-لۇقتا ھېچ نەرسەم يوق، بۇ دۇنيادىمۇ ھېچ نەرسەم يوق، بارار - تۇرار ئىشانىممۇ يوق. سەنمۇ بۇ ھالاكەتلىك چۆلدە ئۇچۇپ يۈرۈپسەن، سېنى ئۆزۈمگە ئوخشىتىپ ساڭا ئىچىم ئاغرىدى. شۇڭا، سەن مېنى ھالاك قىلماقچى بولغان بول-ساڭمۇ، سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم، — دەپتۇ. قۇش بالى-نىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدە بىر باغۇ بوستان-دىن ئۇچۇپ كېلىۋاتسا، تۇيۇقسىز قۇيۇن چىقىپ كېتىپ قۇيۇن ئىچىدە قالغانلىقىنى، يولدىن ئېزىپ قېلىپ بەش كۈن ئاچ قالغانلىقىنى، شۇڭا بالىنى يېمەكچى بولغانلىقى-نى سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا ئەپۇ سورىشىپتۇ. قۇش بالا بىلەن خوشلى-شىش ئالدىدا:

— ئەي ئادەمزات بالىسى، بىز قۇشلارغۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيمىز، شۇنداقتىمۇ بېشىڭ-غا كۈن چۈشكەندە ئەسقېتىپ قالارمەن، ئەگەر مەن ساڭا لازىم بولۇپ قالسام، «سۇمۇرغ قۇشۇم، سەن نەدە؟» دېسەڭ، مەن خىزمىتىڭدە ھازىر بولىمەن، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپ-تۇ. بالا قۇشنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن يولغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ ماڭا ـ ماڭا ئاخىر ماڭغۇدەك ھالىمۇ قالماپتۇ. ئۇ-نىڭ پۇتلىرى تېشىلىپ قاناپتۇ، چىرايى ساماندەك سارغى-يىپتۇ، لەۋلىرى قۇرۇپ چاك ـ چاك گەز باغلاپتۇ. ئۇ ئۆ-لۈمنى ئويلاپ كېتىۋاتسا، تۇيۇقسىز دەھشەتلىك بوران چى-قىپ ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ غازاڭدەك ئاسماندا ئۇچ-قاندىن كېيىن، بىر غارنىڭ قېشىغا كېلىپ لەيلەپ ـ لەي-لەپ يەرگە پوككىدە چۈشۈپتۇ، بالا ھالسىزلىنىپ، بىر تاش ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي ئۇ-نىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە بالىنىڭ بېشىنى قۇ-چىقىغا ئېلىپ، مېھرىبان ئاتىلارچە سىلاپتۇ ۋە بالىغا:

— ئى بالام، سەن نېمە ۋەجدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ ئۆزۈڭنى خەتەرگە ئۇرۇپسەن، بۇ يەر بىر دىۋىلەر ماكانى، بۇ غاردا قورقۇنچلۇق دىۋە ياشايدۇ. سەن دەرھال ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، ھازىر دىۋىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۆز جېنىڭغا ھېزى بول. ساڭا ئاللا بىر گۈزەل پەرىشتىنى نېسىپ قىلغاي، خەير، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بالا ئويغىنىپ ئەتراپقا قاراپتۇ، ئەمما بوۋاينىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قارىسا، ئالدىدا راستتىنلا بىر غار تۇرغۇ-دەك. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ غارنىڭ ئاغزىغا يېقىنلاپ، غار ئىچىگە قۇلاق سالاپتۇ، ئۇزاق تىڭشىغان بولسىمۇ، غارنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق بىر تىۋىش ئاڭلاناپتۇ. شۇنداق قى-

لىپ، ئۇ بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ غارنىڭ ئىچىگە كى-
رىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چوڭ دەرۋازا ئۇچراپتۇ. بۇ زادى
قانداق يەردۇ، دەپ دەرۋازىدىن كىرىپتۇ. بىردەم ماڭغاندىن
كېيىن يەنە بىر دەرۋازا ئۇچراپتۇ، ئۇنىڭدىنمۇ كىرىپتۇ.
شۇنداق قىلىپ ئۇچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى دەرۋازىدىنمۇ
ئۆتۈپتۇ. كىرىپ قارىسا، قاتار قىرىق بىر ئۆي تۇرغۇدەك،
بالا بۇ ئۆيلەرگە بىر - بىرلەپ كىرىپتۇ. بۇ ئۆيلەردە ئا-
دەم بالىسى كۆرمىگەن ئېسىل نەرسىلەر بار ئىكەن. ئۇ
قىرىقىنچى ئۆيدىن چىقىپ قىرىق بىرىنچى ئۆينىڭ ئالدى-
غا كېلىپ توختاپتۇ. بۇ ئۆي ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بولۇپ،
ئىشىكلىرى قاشتېشى، تۈۋرۈكلىرى ئالتۇن، تاملىرى مەر-
مەر ئىكەن. بالا، بۇ ئۆيگە كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ، بۇ ھەقىقە-
تەن ھەشەمەتلىك ئۆي ئىكەن، ئىچىدە نېمە باردۇ، دەپ
بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن بىردەم
تۇرغاندىن كېيىن، نېمە بولسا بولسۇن، بۇ ئۆيگىمۇ چوقۇم
كىرىشىم كېرەك دەپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىشىكنى
ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئۆي ئاجايىپ
ئېسىل جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئالتۇن تۆشەكتە
تەڭداشسىز ساھىبجامال گۈزەل بىر مەلىكە كۆزىدىن ياش
ئاققۇزۇپ ئولتۇرغۇدەك. بالا قىزغا بىر قاراپلا ئاشىقى بى-
قارار بولۇپ، ئەقلىنى يوقاتقىلى تاس قاپتۇ. ئۇ نېمە قىلا-
رىنى بىلەلمەي بىرھازا داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. گۈزەل
مەلىكە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بالىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە

ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي سالام بېرىپتۇ، بالىمۇ جاۋاب سالام بېرىپتۇ. قىز ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي ساھىبقەدەم يىگىت، بۇ يەر ئادەم كېلىدىغان يەر ئەمەس ئىدى، نېمە ۋەجدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ بۇ بىر دىۋىنىڭ سىرلىق ماكانى، خەتەرلىك جاي. مەن سىزنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىڭىزنى خالىمايمەن. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، تېزدىن كېتىۋېلىڭ، بولمىسا، بىردەمدىن كېيىن دىۋە كېلىدۇ، ئۇ كېلىپ قالسا، سىزنى تىرىك قويمايدۇ، — دەپتۇ. بالىنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپ كىرمەپتۇ. ئۇ قىزنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بىرنى قويماي قىزغا سۆزلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن:

— مېنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىش نىيىتىم يوق ئىدى، تەقدىر مېنى بۇ يەرگە ئەكەلدى، بېشىمغا نېمە كەلسە، شۇنى كۆرەرمەن. ئەمدى سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، سىزگە باغلىنىپ قالدىم. ئېيتىڭا، ئەي گۈزەل مەلىكە، سىز ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ بۇ يەردە نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ. مەلىكە ئۆزىنى تۇتالماي ئاھ ئۇرۇپ ئۇزاق يىغلاپتۇ، ئاندىن بالىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەسلىدە سورىمىسىڭىز بولاتتى، بوپتۇ، سوراپ قالدىڭىز، ئېيتىپ بېرەي. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئادەم بالىسى. مەن بىر پادىشاھنىڭ يالغۇز مەلىكىسى ئىدىم.



شاھ ئاتام ماڭا ئاتاپ جاھاندا يېگانە بىر باغ ياسىتىپ بەرگەن، مەن ھەر كۈنى باغدا چۆرە قىزلار بىلەن بىللە تاماشا قىلاتتىم. دەل يەتتە يىل ئىلگىرى مەن قىرىق قىز بىلەن باغدا گۈل سەيلىسى قىلىۋاتسام، قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئىچىدە قالدىم، قورقۇپ كېتىپ ھوشۇمدىن كەتتىم. ھوشۇمغا كەلسەم، دىۋىلەر مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپتۇ. ئاتا - ئانام، يۇرت - قوۋمىمدىن ئايرىلغىلى، ھېچقانداق ئىنسان بىلەن كۆرۈشمىگىلى يەتتە يىل بولغانىدى، ئۇلارنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم، بەختىمگە خۇدايىم سىزنى ئەۋەتىپتۇ. مېنىڭ مەيلىمچە بولسا، سىز بىلەن كەتكۈم، سىزدىن ئايرىلمىغۇم بار، بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ دىۋە دىۋىلەرنىڭ شاھى، بارلىق دىۋىلەرنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا، ئۇ نېمە قىلمەن دېسە قىلالايدۇ، ئەمدى كېتىڭ، دىۋىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دەپتۇ. دېگەندەك، شۇ ئارىدا ئاسمان چاقماق چاق-

قاندەك گۈلدۈرلەپ، ئالەمنى غەلىتە ئاۋازلار قاپلاپتۇ. قىز قورقۇپ كېتىپ بالىنى تېزدىن يوشۇرۇنۇشقا ئۈندەپتۇ. بالىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەپتۇ ـ دە، ئالدىراپ ـ سالدىراپ قىزنىڭ قېشىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي تەلەتى ناھايىتى سەت بىر دىۋە غار ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. دىۋە ئادەمنىڭ ھىدىنى سەزگەندەك بولۇپ ئەتراپقا قاراشقا باشلاپتۇ. ئاڭغىچە بالا بىر قۇچاق ئوتۇننى ئۆزىنىڭ بېلىگە باغلاپ، دىۋىگە قەستەن ئۆزىنى كۆرسىتىپتۇ. دىۋە ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، قاتتىق بىر چىرقىراپتۇ ۋە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان پېتى بالىغا ئېتىلىپ بېرىپ بىر دەم تارتقانىكەن، بالا ئۇنىڭ كامارىدەك ئاغزىدىن ھېچنېمىگە تاقاشماي ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ دىۋىنىڭ ئاغزى كارامەت چوڭ ئىكەن، دىۋە ئۇنى ئاغزىغا ياندۇرۇپ يالماپ تاشلىماقچى بوپتۇ. بالا ئۇنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغىلى تاس ـ تاس قاپتۇ. بالا دەرھال دىۋىنىڭ ئۈچىيىگە ئېسىلىۋاپتۇ، دىۋە ئۇنى چايناشقا ئامالسىز قاپتۇ.

بالا بېلىگە باغلاپ ئەكىرگەن ئوتۇنلىرىنى يېشىپ، دىۋىنىڭ قورسىقىغا تىزىپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىپتۇ. ئوت تازا يالقۇنجاپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. دىۋىنىڭ مايلىرى ئېرىپ، ئوت بارغانچە ئۇلغىيىپتۇ. بالا بەخىرامان ئوتتا ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا دىۋىنىڭ ئىچ ـ باغرى قىزىشىپ كۆيۈپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ،

تېپىچەكلەپتۇ، ۋارقىراپتۇ، ئاخىر قورسىقىدىكى بالىغا يالۋۇرۇپ:

— ئەي ئەقىللىق ئادەمزات بالىسى، ساڭا قايىلمەن، ئالدىڭدا پۈكۈلىمەن، نېمە دېسەڭ، شۇنى قىلاي، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنىڭ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇۋال، — دەپتۇ.

بالا دىۋىگە:

— ئەي دىۋە، سەن هازىر چالا ئۆلۈك بولدۇڭ، بەردىبىر كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىسەن. ئاڭلىسام، سەن دىۋىلەرنىڭ شاهى ئىكەنسەن. ئەگەر ساق قالاي دېسەڭ، بارلىق دىۋىلەرنىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ماڭا دەپ بېرىشىڭ كېرەك، دىۋىلەرنىڭ جېنى زادى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.

دىۋە ئۆلۈم دەهشىتىدىن قورقۇپ، جېنىم ئامان قالار دېگەن ئۈمىدتە:

— مۇشۇ غارنىڭ ئىچى بىلەن بىر كۈن ماڭساڭ، بىر تاغ بار، تاغنىڭ ئارقىسىدا بىر دەريا بار، دەريانىڭ نېرىقى قېشىدا بىر دەرەخ بار، شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر چوڭ تاش بار، تاشنىڭ ئاستىدا بىر قۇتا بار، قۇتىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قۇرت بار. ئاشۇ قۇرتلار دىۋىلەرنىڭ جېنى، قۇرتلار ئۆلسە، دىۋىلەر ئۆلىدۇ، قۇرتلار ئۆلمىسە، دىۋىلەر ئۆلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ قۇرت مېنىڭ جېنىم، — دەپتۇ.

بالا پۈتۈن سىرنى ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن، خەنجىرىنى ئېلىپ دىۋىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ چىقىپتۇ ۋە مەلد-



كىنى ئېلىپ
دۆۋىلەرنىڭ جېـ-
نىنى ئىزدەپ
مېڭىپتۇ. ئۇلار
دەريادىن ئۆتۈپ،
دەرەخنىڭ تۈۋىـ-
دىكى تاشنى
يۆتكىگەنىكەن،
راستتىنلا بىر قۇتا چىقىپتۇ. بالا قۇتىدىكى قۇرتلارنى تاشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يانجىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بالا بىلەن مەلىكە دۆۋىلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن دەريادا يۇيۇنۇپتۇ. بالا مەلىكىنىڭ شەھىرىگە بېرىپ، ئۇنى ئاتا - ئانىسىغا تاپـ-شۇرۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇلار يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا بىر چىرايلىق ئاق توشقان ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەپتۇ - دە، مەلىكىنىڭ پۇتلىرىغا سۈركىلىپ، كۆزلىرىـ-دىن ياش تۆكۈپتۇ. بالا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. مەلىكە:
— ئىككى يىل ئىلگىرى بۇ توشقاننى دىۋە تۇتۇپ كەلگەنىكەن، شۇ چاغدا كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ قېـ-لىپ، دىۋە ئۇنى يېمەكچى بولغاندا يالۋۇرۇپ دىۋىدىن سوـ-رىۋالغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىـ-لىپ بېقىپ چوڭ قىلدىم. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئۆزىگە ئامراق قىلغۇدەك ئوماق توشقان، — دەپ توشقاننى باغرىغا

بېسىپ سىلاشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا تۇشقان زۇۋانغا كېلىپ، مەلىكىگە قاراپ:

— ئى شەپقەتلىك مەلىكەم، سىز مېنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ، هاياتىمغا يېڭى هايات قوشتىڭىز. ئىككى يىلدىن بېرى خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ ئامراق بالىسىنى باققاندەك بېقىپ كەلدىڭىز. راستىمنى دېسەم، مەنمۇ سىزدەك تۇشقانلارنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى، دادام تۇشقانلارنىڭ شاهىدۇر. مەن سىزنى كۆرگەندىن باشلاپ مۇشۇنداق بىر كۈن كېلىپ سىزنىڭ ئازاد بولۇشىڭىزنى تىلىگەنىدىم، شۇنداق كۈنلەر كەلسە، ياردەمدە بولارمەن دەپ سىزدىن ئايرىلمىدىم، مانا ئاخىر ياخشى كۈنمۇ كەلدى. مەن سىز بىلەن بەختلىك ئىدىم، ئەمدى سىزدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم، — دەپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قاپتۇ. مەلىكىمۇ تۇشقاننىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىپتۇ. بۇ ئەهۋالنى كۆرگەن بالىنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، تۇشقاننى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەي تۇشقان، مەن بۇ مەلىكىنى دېۋىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇردۇم، مەلىكىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن. سەنمۇ ئازاد بولدۇڭ، دېۋىلەرمۇ ئۆلدى، سەنمۇ ئاتا - ئاناڭ بىلەن تېزدىن كۆرۈشكەيسەن، ئۇلارنى پەرزەنت پىراقىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن، — دەپتۇ. تۇشقان:

— ئەي مەلىكەم، مەن ئۆمۈر بويى سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇرۇپ، ياخشىلىقلىرىڭىزنى هاياتىم بىلەن قايتۇ-

روۋپ، خىزمىتىڭىزدە بولاي دېگەنىدىم، سىز كەتكىلىۋاتى-
سىز. ناۋادا بېشىڭىزغا كۈن چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا: «ئاق
توشقىنىم، ئاق توشقان» دېسىڭىز مەن ھازىر بولىمەن، —
دەپتۇ - دە، مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ، شامالدەك يۈگۈ-
رۈپ، قويۇق قومۇشلۇقلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

مەلىكە بىلەن يىگىت بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ
قېلىشقانىكەن. بۇ ئىككىسى توغراقنىڭ سايىسىدە
ئارامداپ، بىرپەس لەۋلىرىدىن گۈل - غۇنچىلارنى ئۈزۈ-
شۈپتۇ، چاچلىرىنى ھىدلىشىپ، جانلىرىغا ھاياتنىڭ شەۋ-
قىنى باشلاپتۇ. ئۇلار ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇ-
شى ھەققىدە سۆزلىشىپتۇ. ئاندىن ئۇلار مەلىكىنىڭ شە-
ھىرىگە قاراپ راۋان بوپتۇ، ناھايىتى ئۇزاق يوللارنى ماڭ-
غاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. پادى-
شاھ قىزىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تولا يىغلاپ كېسەل بو-
لۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىكەن. پادىشاھ مەلىكىنى
كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، قىزىغا شاھلىق تاجىنى
كىيگۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ ۋاپات بوپ-
تۇ. پادىشاھنىڭ ئاچ كۆز ۋەزىرلىرى مەلىكىنىڭ تولۇن
ئايدەك گۈزەل ھۆسنىگە ۋە ئۇنىڭ تاجىغا قاراپ نىيەتلىرى-
نى بۇزۇپتۇ ۋە ھېلىقى مەلىكە ئەكەلگەن يىگىتنى بىر ئا-
پەت دەپ بىلىپ، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپتۇ.
كۆڭلى قارا ۋەزىر ئەتىسى نامازغا كەلگەن خالايىققا:

— ئەي خالايىق، يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا مەلىكىنى بۇلاپ

كەتكەن ئالۋاستى دىۋە بۈگۈن ئادەم سىياقىغا كىرىپ، شا-
ھىمىزنىڭ تاجۇ تەختىنى كۆزلەپ، مەلىكىنى ئېلىپ ئايد-
غى بىلەن كەلدى، مانا مۇشۇ شۇ، ئۇنى دەرھال باغلاڭلار ! —
دەپ بالىنى جاللاتلارغا كۆرسىتىپتۇ. جاللاتلار يىگىتنىڭ
پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي باغلاپتۇ، مەلىكىنىڭ
يىغلاپ - يالۋۇرۇشلىرىمۇ كارغا كەلمەپتۇ. كۆڭلى قارا
ۋەزىر جاللاتلارغا ئۇنى تىك تاغنىڭ ئۇستىدىن ھاڭغا
تاشلاشنى ئەمر قىپتۇ. يىگىت قانچە چۇشەندۇرگەن بولسد-
مۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە مەلىكىدىن باشقا ئىشىنىدىغان ئادەم
چىقماپتۇ. مەلىكە زار - زار يىغلاپ، قاقشاپ قاپتۇ.
جاللاتلار يىگىتنى ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىغا ئاچىقىپ
پەسكە تاشلاپتۇ. يىگىت كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇقتىكى
قاراڭغۇ ھاڭغا چۈشۈۋېتىپ تۇيۇقسىز سۇمۇرغ قۇشنى ئې-
سىگە ئاپتۇ - دە: «سۇمۇرغ قۇشۇم، سەن نەدە؟» دەپ بار
ئاۋازدا چاقىرىپتۇ. سۇمۇرغ قۇش بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھايال
ئۆتمەي كېلىپ ئۇنى ئۇستىگە مىندۇرۇشكە ئاران ئۇلگۇ-
رۇپتۇ. يىگىت ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىكەن. سۇمۇرغ
قۇش ئۇنى قاناتلىرى ئۇستىگە ياتقۇزۇپ ئۇچۇپ، ھېلىقى
ئۆزىگە تونۇش دەريا بويىغا ئەكەپتۇ. يىگىتمۇ ھوشىغا كەپ-
تۇ، قارىسا، قۇش ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تۇمشۇقىدا سۇ تېمد-
تىپ ئولتۇرغۇدەك. يىگىت قۇشقا ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلغاند-
دىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە مە-
لىكىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. سۇمۇرغ

قۇش يىگىتنىڭ مەلىكىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال مەلىكىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپلا ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان مەلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ھەم مەلىكىنى سېغىنىپ سەدپارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۇزىنىڭ يىگىتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەلىكىنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشال بوپتۇ. قۇش بىلەن يارنىڭ قېشىغا كېتىشكە جان - دىلى بىلەن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، قۇشنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپتۇ. سۇمۇرغ قۇش كۆك ئاسماندا پەرۋاز ئۇرۇپ مەلىكىنى يىگىتنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ، ئىككى ئاشىق - مەشۇقنى كۆرۈشتۈرۈپتۇ. يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ، ھاياجان ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. ئۇلار كۆپ مەسلىھەتلىشىپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، جەزىرىگە سۇ باشلاپ باغ بىنا قىلىپ، خىلۋەت ماكاندا ياشاپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. سۇمۇرغ قۇش بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنى ئىككى قانىتىغا مىندۈرۈپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جەزىرىگە ئەكېلىپتۇ. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا، چاڭقاقلىق دەستىدىن بۇ ئىككىسىنىڭ تۇرغۇدەكمۇ مادارى قالماپتۇ. سۇمۇرغ قۇش سۇ ئىزدەش ئۈچۈن ئاشىق - مەشۇقلارنى تاشلاپ كۆككە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئارىدىن بىر كۈنگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە قۇش قايتىپ كەپتۇ. قۇش يېقىن ئەتراپتا ھېچقانداق بوستانلىقنىڭ

قارىسى يوقلۇقىنى، پەقەت مۇشۇ جەزىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قويۇق قومۇشلۇق بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئۇچەيلەن يەنە كۆككە كۆتۈرۈلۈپ قومۇشلۇق تەرەپكە يول ئاپتۇ. ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە قومۇشلۇققا يېتىپ كەپتۇ، ئەمما سۇ دېگەننىڭ دىدارىنى تاپالماپتۇ. ئۇسسۇزلۇق جاندىن ئۆتۈپتۇ. شۇ چاغ مەلىكىنىڭ يادىغا ئاق توشقان كەپتۇ - دە، «ئاق توشقىنىم، ئاق توشقان» دەپ چاقىرغانىكەن، ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى ئاق توشقان نۇرغۇن توشقانلارنى ئارقىسىغا سېلىپ قومۇشلۇق ئارىسىدىن چىقىپ كەپتۇ. ئۇلار خۇشال دىدارلىشىپتۇ. توشقان ئۆزىگە قانداق خىزمەت بارلىقىنى سوراپتۇ. مەلىكە يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاران مىدىرلىتىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. توشقان دەرھال ھەمراھلىرىغا يەرنى كولاشنى بۇيرۇپتۇ. يۇزلىگەن توشقان بىردەمنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر قۇدۇق كولاپتۇ. يەرنىڭ تېگىدىن سۈپسۈزۈك سۇلار تەپچىرەپ چىقىپتۇ، يىگىت بىلەن مەلىكىنىڭ تەشنالىقى قېنىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، قىش ئۇزاپ، باھار كەپتۇ، قۇدۇقتىن بۇلدۇقلاپ تاشقان سۇ ئەتراپقا يامراپ، چۆللۈك جانلىنىپ كېتىپتۇ. يىگىت بىلەن مەلىكە چۆللەرگە سۇ باشلاپتۇ. قۇش تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇپ يۇرۇپ زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى ئەكەپتۇ. ئۇلار ئېكىنزارلىقلارنى بەرپا قىپتۇ، ئەمما بۇلار قانچە قىلسىمۇ، چۆللۈكنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ

بولالماپتۇ. ئاخىر يىگىت مەلىكە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دېۋىنىڭ ماكانىدىكى ئالتۇن - جاۋاھىراتلارنى سۇمۇرغ قۇشقا ئارتىپ بۇ يەرگە يۆتكەپ كەپتۇ. يىگىت ياسىنىپ، سۇمۇرغ قۇشقا مىنىپ بىر شەھەرگە يېقىن كەپتۇ - دە، قۇشنى شەھەر سىرتىدىكى بىر بوستانلىقتا قويۇپ ئۆزى شەھەرگە كىرىپ، مەدىكار بازىرىدىن يۈز مەدىكارنى قىممەت باھادا ياللاپتۇ. يىگىت مەدىكارلارنى باشلاپ بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ مەلىكە بار يەرگە كەپتۇ. يىگىت مەدىكارلارنى ئىككى كۈن ئارام ئالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاشپەز-لەرگە ئېسىل غىزالارنى ئەتكۈزۈپ، كاتتا زىياپەتلەرنى بې-رىپتۇ. ئۆمۈر بويى ئاچ - يالىڭاچلىقتا ئۆتكەن بۇ ئادەم-لەر گويا بېھىشكە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ، قىن - قې-نىغا پاتماي قاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى يىگىت ئۇلارنى بىر يەر-گە يىغىپ:



— دوستلار، ئاكا - ئۇكىلار، بىز بۈگۈن بۇ چۆلگە جەم بول-دۇق، ھەممىمىز مۇشۇ چۆلنى يا-

شارتىپ، جەننەتتەك بىر ماكانغا ئايلاندۇرساق، دەپ ئويلايـ-مەن، سىلەرچە قانداق؟ — دەپتۇ. مەدىكارلار يىگىتنىڭ سۆزىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپـ-تۇ. بۇ ئىشلەمچىلەر بىر تەرەپتىن تۇرالغۇ جاي سالسا، بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قاقاسلىقنىڭ ئورنىنى بوستانلىق قاپلاپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، بۇ يەر رەسمىي ئاۋات شەھەرگە ئايلىنـ-نىپتۇ.

كۆنلەر ئايلارنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. پەسىللەر ئالمىشىپتۇ، بىر دەمنىڭ ئىچىدە باغلار بەش قېتىم چېـ-چەكلەپ، يەر يۈزىگە بەش قېتىم قار تۆكۈلۈپتۇ. ئەتراپتىـ-كى يۇرتلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرگە كەلگىلى تۇرۇپـ-تۇ. بۇ شەھەر شۇنداق ئاۋات بوپتۇكى، ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن جاھانغا تارقىلىشقا باشلاپتۇ. يىگىت مەردۇ مەردانىـ-لەرنى، كۈچتۈڭگۈر پالۋانلارنى تەربىيىلەپ زور قوشۇن تەشكىللەپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە خۇپىيانە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپتۇ. بېرىپ كەلگەنـ-لەردىن مەلۇم بوپتۇكى، قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا شاھ بولغان ۋەزىر ئىنتايىن زالىم ۋە ئاچ كۆز ئادەم بولۇپ، خەلقنىڭ دەردى - ھالى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىكەن، كىشىلەر ئاچ - يالىڭاچلىقتىن جان تالىشىپ قاپتۇ. بۇ

گەپلەرنى ئاڭلىغان يىگىت مەلىكە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سۈيىقەستچى ۋەزىرنى دارغا ئېسىپ، خالايىقنى زۇلۇم چاڭ-گىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا قەسەم ئىچىپتۇ. يىگىت بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ، لەشكىرىي ئەزىمەتلەرنى باشلاپ شەھەرگە ھۇجۇم قىپتۇ. زۇلۇم دەستىدىن ئىڭرىغان خەلق بۇ ئۇلۇغ غازاتقا ئۆزىنى ئاتىشىپتۇ. پۈتۈن شەھەردە قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت تۇتىشىپ كەتكەندەك، زالىم پادىشاھقا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپتۇ. يەتتە كېچە - كۈندۈز جەڭ بوپتۇ، قانلار دەريا - دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ، جەسەتلەر دۆ-ۋىلىنىپ دۆڭلەر ھاسىل بوپتۇ. زالىم پادىشاھنىڭ بېشى ئېلىنىپ، ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى پۇقرالارغا تارقىتىپ بېرىپ-تۇ. ئاۋام قايتىدىن كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپتۇ. يىگىت شاھلىق تاجىنى كىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى شەھەرنىڭ پادىشاھى بوپتۇ.

ئالەم تىنچىپ، ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشكەندە، يىگىت ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ئوغلى-نىڭ پىراقىدا يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلغان، دادىسى مادارىدىن كەتكەنىكەن. يىگىت ئۇلارنى كاتتا تېۋىپلارغا كۆرسىتىپتۇ. ئانىسىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، دادىسى كېسىلىدىن ساقىيىپ سەللىمازا بوپتۇ ۋە ئوغلىدىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تى-لەپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا مېھرىبان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرى-غىچە بەختلىك ياشاپتۇ.

# پادشاھ بىلەن يوھا

قەدىمكى زاماندا سەلتەنەتلىك بىر پادشاھ ئۆتكەنـ-
كەن. پادىشاھنىڭ ئەدلى ئادالىتىدىن ئەل ئامان، يۇرت
پاراۋان، پۇقرالار ئىناق بولۇپ، ئىشلىرى روناق تاپقانـ-
كەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ مەملىكەتنىڭ بىر سەھراسىدا
تۇيۇقسىز ئادەملەر، چارۋىلار ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ
كېتىشتەك غەلىتە ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي
بىر كەنتنىڭ ئادەملىرى، چارۋىلىرى، ئۆي قۇشلىرى،
ھەتتا مۈشۈكلىرىگىچە تۈگەپ، كەنتتە جانلىق مەۋجۇدات
قالماپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۈزبېشى مىڭبېشىغا،
مىڭبېشى شەھەر ھاكىمىغا بۇ ۋەقە ۋە ئەھۋاللارنى يەتكۈ-
زۈپتۇ. ئارقىدىنلا ھاكىمغا بۇ ئاپەتنىڭ يەنە بىر كەنتكە
ئۇلاشقانلىقى، «پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز» دەپ
تەقدىرنىڭ ھۆكمىنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلار يۇرتىدا قېلىپ،
قالغانلىرى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، مال - ۋارانلىرىنى
ھەيدەپ باشقا ياقلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتـ-

قانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەپتۇ. پايتەخت شەھىرىنىڭ ھا-
كىمى ئىنتايىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە، پادىشاھنى شىددەت
بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ نامەلۇم بالا - قازادىن
ۋاقىپلاندۇرۇپتۇ. پادىشاھ دەرھال ۋەزىر، ئەمىر ۋە سەركەر-
دىلىرى بىلەن كېڭىشىپ، ئۇستا چەۋەنداز، مەرگەن، با-
تۇرلاردىن تاللانغان مىڭ كىشىلىك ئەزىمەتلەر قوشۇنى
تەشكىللەپ، كۆزگە كۆرۈنمەس بۇ خىرىسچى بىلەن جانباز-
لىق قىلىش ئۈچۈن، شىكارغا چىقىش نامى بىلەن ئادەم-
سىز قالغان كەنت تەرەپكە يۈرۈش قىپتۇ. بۇ كەنت پاياد-
سىز دەشت - باياۋانغا تۇتاش بولۇپ، كەنتنىڭ ئۇ تەرىپد-
دە ئادەم ئاياغ باسمىغان، بىر - بىرىدىن ئېگىز تۆگمەس
قۇم بارخانلىرى سوزۇلۇپ كەتكەنىكەن. پادىشاھ لەشكەرلد-
رى بىلەن كەنتنىڭ ئاخىرىغىچە كېلىپ، ھەممە ئەتراپىنى
قاتتىق كۆزىتىپتۇ، لېكىن جەڭ قىلغۇدەك بىرەر دۈشمەن-
نى كۆرمەپتۇ ياكى بىرەر شەپىنى سەزمەپتۇ. ئۇلار بوش
قالغان ئۆيلەردە يېتىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئادەم-
لەرمۇ، ئاتلارمۇ ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىماپتۇ. ئەتىسى پا-
دىشاھ قۇرۇقدىلىشقا يۈزلەنگەن يەنە بىر كەنتكە قاراپ ئات-
لىنىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا، تو-
ساتتىن بىر ئېدىرنىڭ يانباغرىدىن بىر كېيىك بالىسى
غىل - پال كۆرۈنۈپتۇيۇ، بىر تاقلاپلا كۆزدىن غايىب بوپ-
تۇ. پادىشاھ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قارىسا، كېيىك بالىسى
ئېدىرنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سايدا قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك.

پادىشاھ باشقىلارنىڭ ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقى ئۇچۇن: «كېيىكنى ھېچكىم قوغلىمىسۇن، ئۇنى ئۆزۈم تىرىك تۇتۇپ كېلىمەن» دەپتۇ ـ دە، كېيىك بالىسىنىڭ كەينىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. كېيىك بالىسى دەم كۆرۈنۈپ، دەم كۆرۈنمەي پادىشاھنى خېلى يەرلەرگىچە قوغلاتقۇزۇپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا ئات چىپپىدە توختاپ، مىخ قاققاندەك تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئاتنىڭ ماغزاپتەك ئاپئاق كۆپۈككە چىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئات چارچىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا، پادىشاھنىڭ كۆزى ئۇن قەدەمچە نېرىدىلا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان ۋە يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئۇزۇن چاچلىق بىر ئايالغا چۈشۈپتۇ ـ دە، كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە: «بۇ ئالۋاستىمۇ نېمە؟» دېگەن ئوي كېلىپ، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كېتىپتۇ، لېكىن دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— كىمسەن؟ تۇر ئورنۇڭدىن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ پادىشاھقا لاپپىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئولتۇرغان جايىدا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ پادىشاھقا سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە:

— ئەي زاتى شېرىپ، مەن سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەن، ئەمما سىياقىڭىزدىن قارىغاندا سەركەردىلەردىن ئوخشايسىز. مەن كېتىۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پۇتۇمغا قويۇن ئۇچۇرتۇپ كەلگەن بىر چوڭ تاش

تېگىپ ئۇشۇقۇمنى زەخمىلەندۈرگەنىدى، شۇڭا ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم، كەچۈرگەيسىز، — دەپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە، كۈن ئاشۇ جايدىن يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەك، ئەتراپ پاللىدە يورۇپ كەتكەنىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا قوشۇلۇپ پادىشاھنى مەپتۇن غۇراقتەك يېقىملىق ئاۋازى قوشۇلۇپ پادىشاھنى مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ ئىختىيارسىز ئاتتىن چۈشۈپ ئايالنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بىر قىز ئىكەن. پادىشاھ، مەن بىر ھۆر - پەرىگە يولۇقتۇممۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە شۇئان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قىزغا بولغان ئىشتىياق ئوتى ئۇلۇغ بىر گۈلخاندەك لاۋۇلداشقا باشلاپتۇ، كۆڭۈل تەختىنى بولسا بۇ سۆيگۈ سۇلتانى ئىستېلا قىپتۇ. قىز پادىشاھنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋابەن:

— بىز ئاتا - ئانىمىزدىن بىر ئوغۇل، بىر قىز تۆرەلگەنمىز. ئاكامنىڭ ئىسمى خۇرشىد ئىدى، مېنىڭ ئىسمىم خۇرشىدە. ئاكام جان بېقىش تەھلىكىسىدە ئىش ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنىدى، قايتىپ كەلمىدى. يېقىندا قانداقتۇر بىر غايىب ۋابانىڭ كاساپىتىدىن ئاتا - ئانام بىر كېچىدىلا يوقالدى، مەن قورقۇپ يۇرتۇمنى تاشلاپ قېچىپ چىقىپ، نەگە بېرىشىمنى بىلمەي مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، كۈتۈلمىگەندە پىشكەللىككە ئۇچراپ يارىلاندىم، بەخ-

تىمگە يارىشا خۇدايىتائالا ماڭا سىزنى يەتكۈزدى، — دەپ سۆزدىن توختاپتۇ. قىزنىڭ ئۇچىسىدىكى كىرلىشىپ كەت-كەن ماتا كۆڭلەك، بېشىدىكى ئۆڭۈپ كەتكەن كونا دوپپا، پۇتىنىڭ يالاڭ ئاياغلىقى ئۇنىڭ ئىنتايىن نامرات ئائىلى-نىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىكەن. پا-دىشاھ قىزنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئېتىغا مىنگەشتۈرمەكچى بولغاندا، ئات زادىلا مىندۈرمەي-تۇ. پادىشاھ:

— بۇ ئات يات ئادەمنى مىندۈرمەيدىغان قىلىپ ئۆ-گىتىلگەنىدى، مەن سىزگە ئادەم ئەۋەتىمەن، — دەپ، ئې-تىغا مىنىپ قايتىپ كېتىپتۇ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ قىزنى ئالدۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن قىزنى تېۋىپقا داۋالىتىپ-تۇ. پادىشاھ خۇرشىدە ئۇچۇن مەخسۇس قەسىر ساراي بىنا قىلىشنى باش ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ ھەمدە قەسىر پۈتكەندىن كېيىن كاتتا توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئەمما، پادىشاھ تاقەت قىلالماي تويىنى قەسىر پۈتكەندە ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، قىزنى نىكاھىغا ئېلىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوردىدىكى ئېسىل ئاتلار، كالىلار، قويلاردىن كۈندە بىرەرى، توخۇ، ئۆردەك، غازلاردىن بىر-نەچچىسى ئىز - دېرەكسىز يىتىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. دەسلەپتە ئات باقارلارمۇ، پادىچى - چوپانلارمۇ، ئۆي قۇش-لىرىغا قارايدىغانلارمۇ «يارىماسلار» دېيىلىپ، ئەيىبلىنىپ

بالاغا قىلىشتىن قورقۇپ، ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئەمما، بۇئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر ۋەقەنى چارۋا ئىشلىرى ۋەزىرىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق پادىشاھنى ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. باش ۋەزىر بىر ئىشقا ئالاھىدە زەن قويۇپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇ پادىشاھقا:

— ئەي كەرەملىك شاھىم، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، تەختىڭىز مۇستەھكەم بولسۇن. ئېلىمىزنىڭ پادىشاھىسىز، پۇقرالىرىمىزنىڭ ھاياتىنى قالماسلىقى ئۈچۈن بىر مۇھىم گەپنى ئېيتىشقا ئىجازەت قىلسىڭىز، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

— سۆزلەڭ، — دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىرئەزەم پادىشاھنى چوڭ بىر تامئەينەكنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ:

— شاھىم، ئەينەككە قاراپ چىرايىڭىزنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ ئەينەككە قاراپلا چىرايىنىڭ سامانىدەك سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن:

— ئەي ۋەزىرىم، بۇ نېمە ئالامەت؟ تېز بايان قىلىڭ، — دەپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن يېڭى مەلىكىمىز خۇرشىدەنىڭ ئادەمزات جىنسىدىن ئىكەنلىكىگە شەكلىنىمەن. بۇنىڭ بىرىنچى ئىسپاتى، سىزنىڭ چىرايىڭىزنىڭ مۇردا تۇسىنى ئالغانلىقى، يەنە بىرى، ئوردىدىكى ئات، كالا، قويلارنىڭ غايىب بولۇشى، — دەپتۇ باش ۋەزىر. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ

قاتتىق ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قاپتۇ ھەمدە ئىزتىراپ بىلەن ۋەزىرگە:

— ئەي ۋەزىرئەزەم، سىزچە خۇرشىدە ئادەمزات بولمىسا، ئۇ نىمە؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ.

— ئۇ يۇھا، — دەپتۇ ۋەزىر، — يىلان قىرىق يىل ياشىغاندىن كېيىن ئەجدىھا بولارمىش، ئەجدىھا قىرىق يىل ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن يۇھا بولارمىش، يۇھا قىرىق يىلدىن كېيىن ئادەمزاتقا، ھەر خىل ھايۋانلارغا ئۆزگىرەلەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولارمىش. مەن ئوردىمىزدا يۈز بەرگەن ئالامەتلەرگە قاراپ خۇرشىدەنى يۇھالىق دەردجىسىگە يەتكەن يىلان دەپ قەتئىي ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمەن، ئادەمسىز قالغان ئىككى كەنتنىمۇ مانا مۇشۇلار قۇرۇقدىۋەتكەن.

— مۇشۇلار دېگىنىڭىز نىمىسى، بۇ يالغۇز ئەمەسمۇ؟ — دەپ دەرھال سوراپتۇ پادىشاھ تېخىمۇ ۋەھىمە ۋە ئەندىشە ئارىلاش.

— بۇلار بىر جۈپ ئەر - خوتۇن يۇھا بولۇشى چوقۇم. بىرى ئوردىغا كىرىۋالدى، يەنە بىرى سەھرادا قالدى. بىرى ئىچكىرىدىن، بىرى سىرتتىن بىزنى خاراب قىلىشقا تۇتۇندى. ھازىر يەنە بىر كەنتىمىزنىڭ جانلىقسىز قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى، — دەپتۇ باش ۋەزىر.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ ۋەزىرگە قاراپتۇ بالانى يوقىتىمەن دەپ چىقىپ قازانى ئۆزى بىلەن ھەمراھ

قىلىپ كىرگەن پادىشاھ «خۇرشىدە»نىڭ «خۇرشىد» توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەسلەپ.

— ئالدى بىلەن سىزنىڭ گۇمانىڭىزنى تۈگىتىش كېرەك، ئاندىن سىز بۇ بالايىئاپەتنى يوق قىلىشقا قەتئىي ئىرادە باغلايسىز، خۇرشىدەدىن مېھرىڭىزنى ئۈزىسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز شاھلارغا خاس جەسۇرلۇق، زېرەكلىك ۋە تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن خۇرشىدەنى كۆزىتىپ كۆرۈڭ. بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاددىي. مەن ئېرىقلاردىكى سۇنىمۇ توختىتىۋېتىمەن، پەقەت ئوردا كۆلىنىڭ سۈيىگە تەگمەيمەن. بۈگۈن تۇزلۇقراق تاماق يەڭلار، ياتار چاغدا چىنە - چەينەكلەردە بىر يۇتۇممۇ سۇ قالمىسۇن، قالغىنىنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ بىلىۋالىسىز، — دەپتۇ باش ۋەزىر.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەچتە ئاشپەز مەخسۇس تۇزلانغان گۆش، تۇزلانغان بېلىق بىلەن تاماق ھازىرلاپتۇ. پادىشاھ خۇرشىدە بىلەن بىللە غىزالىنىپتۇ. كېچىسى مەلىكە ئۇسساپ كېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇلۇق ئىچمەكچى بوپتۇ، ئەمما چەينەكلەردىن بىر يۇتۇممۇ سۇ تاپالماپتۇ. ئېرىقتىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقسا، ئېرىقمۇ قۇرۇق تۇرغۇدەك. ئىلاجسىز يېنىپ كىرىپ ئورنىدا يېتىپتۇ، ئەمما ئۇسسۇزلۇققا چىدىيالماپتۇ. ئاخىر يىلان سۈرىتىگە كىرىپ، ئاستا سوزۇلۇپ بېشىنى تۆڭلۈكتىن چىقىرىپ كۆلدىن سۇ ئىچىپتۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى قۇچاقلاپ ياتقان پادىشاھ بەدىنىگە تەگكەن مۇدھىش سوغۇق

ئەتتىن شۈركۈنۈپ، جېنى قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەت-كۈدەك بوپتۇ، پۈتۈن ئەزايىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كې-تىپتۇ. يىلاننىڭ سۇنى غۇرتۇلدىتىپ يۇتۇۋاتقانلىقى، سۇ-نىڭ ئۇنىڭ قارنىغا شارىلداپ ئېقىپ كىرىۋاتقانلىقى پادى-شاھقا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ بىر كېچىنى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ ئاران تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ...

— دانا ۋەزىرىم، ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى دەلىل-لەندى. بۇ ۋەھشىينى تېزرەك يوقىتىشقا ئەقىل كۆرسى-تىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىرئەزەمگە.

— يېڭى مەلىكىمىز ئۈچۈن ياسىلىۋاتقان ھەرەمباغنى ئوتتۇز كۈن ئىچىدە پۈتتۈرىمەن. سىز بۈگۈنلا مەلىكىگە بىر ئايدىن كېيىن توي ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قو-يۇڭ. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئىشىڭىزنىڭ ئالدىراشلىقىنى سەۋەب قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولماڭ، — دەپتۇ ۋەزىر ئەزەم پادىشاھقا.



پادىشاھ بىر كۈنى كەچتە «خۇرشىدە»نىڭ ھۇجرىسىغا كىر-سە، «خۇرشىدە»

ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھ ئۇ-نىڭدىن يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. «خۇرشىدە»:

— خۇرشىد ئىسىملىك بىر ئاكامنىڭ بارلىقىنى سىزگە ئېيتقانىدىم، كاشكى ئۇ يېنىمىزدا بولغان بولسا، ئاتا - ئانامنىڭ يوقلۇقىمۇ ئانچە بىلىنمىگەن بولاتتى، مەن تەرەپتىنمۇ بۇ قۇتلۇق شاھانە مەرىكىمىزنىڭ بېشىدا تۇرۇپ بېرىدىغان بىر ئىگە بار بولاتتى، دەپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆز يېشىمنى توختىتالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەلىكەم، ئاكىڭىزنىڭ سىزنىڭ نامىڭىزنى ئىشىتىپ يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، مەن توي جاكارسىنى قەغەزگە نامە قىلىپ مەملىكىتىمىز تەۋە-سىدىكى ھەممە شەھەرلەردىن تارتىپ يېزا - قىشلاقلار-غىچە ۋە باشقا پادىشاھلىقلارغىچە ئەۋەتتىم، — دەپتۇ پادى-شاھ. مەلىكە پادىشاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ۋەزىرئەزەم قۇيمىچىلارنى يىغىپ پولاتتىن تۇخۇمسىمان بىر ئۆي قۇيدۇرۇپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئېچىپ - يېپىشتا مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن باشقۇرىدىغان قىپتۇ. ئىشىك - دېرىزىلىرى يېپىق تۇرغاندا، شۇنداق ھىم بولىدىكەنكى، يىڭنىنىڭ كۆزىدەك بىرەر يوچۇقمۇ قالمايدىكەن. باش ۋەزىر ھەرەمباغنىڭ مۇشۇ ئۆينى ئو-رۇنلاشتۇرىدىغان جايىغا ناھايىتى چوڭ، چوڭقۇر بىر كۆل قازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئوتۇننى سەرجانلاپ تىزدۇرۇپتۇ. ئوتۇن-نىڭ ئۈستىنى سۇۋاتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پولات ئۆينى

قوندۇرۇپتۇ. مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرنى، گۈل - گى-
ياھلارنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئەكېلىپ كۆچۈرۈپتۇ.
شۇنداق قىلىپ بىر ئاي ئىچىدە پادىشاھنىڭ تەسەۋۋۇرىدى-
كىدىنمۇ كۆركەم، ھەرقانداق پادىشاھلىقتا يوق، ھەممىگە
مەنزۇر بولغۇدەك بىر ھەرەمباغ قەد كۆتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ
ئوردىسىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپتۇ.

توي باشلىنىپتۇ. توينىڭ ئاخىرقى كۈنى ئوردىبېگى
پادىشاھقا سىرتتا بىر يىگىتنىڭ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈش-
نى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ: «ئەكى-
رىڭ» دەپتۇ. ئوردىبېگى يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكى نەۋ-
قىران بىر يىگىتنى باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ يىگىت مەلىكە
خۇرشىدەگە شۇنداق ئوخشايدىكەنكى، بىر قېلىپتا قۇيغان-
دەك ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ، مەلىكە ئەر سىياقىغا
ئۆزگىرىۋالدىمۇ نېمە، دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈرمەيمۇ قال-
ماپتۇ.

يىگىت سالام - سەھەت بەجا كەلتۈرۈپ، پادىشاھقا
ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەندىن كېيىن، توينى مۇبارەكلەپتۇ ۋە
بەخت تىلەپتۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ مەلىكە خۇرشىدەنىڭ ئا-
كىسى خۇرشىد ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىپ، پادىشاھقا تۇغ-
قان بولۇۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى
ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھ ئىززەت - ئىكرام بىلەن خۇرشىد-
نى مەلىكە خۇرشىدە ئولتۇرغان تۇخۇمسىمان ئۆيگە باشلاپ
كىرىپتۇ. «ئاكا - سىڭىل» قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ،

كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. پادىشاھ «خۇرشىد»نى تۆرگە چىقىرىپ، ئالدىغا كاتتا داستىخان سېلىپ، ئالاھىدە كۈتۈۋاپتۇ. سازلارنىڭ يېقىملىق ساداسى، ناخشىچىلارنىڭ بۇلبۇلدەك خۇش ناۋاسى ھەرەمباغنى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ، رەققاسلارنىڭ نەپىس ئۇسسۇللىرى بۇ يىگى سارايغا جۇلا قوشۇپتۇ. ھەتتا «خۇرشىدە»مۇ: «بۇ قىزىل كىيگەن تامامىي قىز كېنىزىكىمدۇر مېنىڭ، جىلۋە - جىلۋە ھەر تەرەپ سەدجامە گۈلگۈندۇر بۇگۈن» دەپ غەزەل-خانلىق قىلىپ كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن، پادىشاھ:

— ئەمدى ھەممىڭلار قايتىڭلار، بۇ ئاكا - سىڭىل بىردەم ئۆزئارا ھال - ئەھۋال ئېيتىشىپ مۇڭدىشىۋال-سۇن، — دەپتۇ. ئۆيدە «ئاكا - سىڭىل» ئىككىسىلا قاپتۇ.

ۋەزىرئەزەم تۇخۇمسىمان ئۆينىڭ ئاستىدىكى ئوتۇنلارغا پاتمانلاپ ياغلارنى چېچىپ، بىرنەچچە جايدىن ئوت ياقـ-دىغان قىلىپ پۇختا تەييارلىق كۆرگەنىكەن. باشقىلار ئۆيدىن چىقىپ بولۇشىغا، ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەخسۇس باشقۇرۇش ئەسۋابى بىلەن بېكىتىپ، ئوت يېقىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. «خۇرشىد» بىلەن «خۇرشىدە»دىن ئىبارەت بىر جۈپ ئەر - خوتۇن يۇقا تېپىشىپ، ئۆز مەئىشەتلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى قىرغىنچىلىق پىلانلىرى ئۈستىدە بە-خىرامان سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۆي ئاستا - ئاستا ئىسسىشقا باشلاپتۇ، بولۇپمۇ ئۆينىڭ ئاستى تەرىپى بەك قىزىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئىشىكنى تاپال-

ماپتۇ، تامنى ئۇرۇپ بېقىپتۇ. ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ. شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەند قىلىنغانلىقىنى بىلىپ، يىلان سۇرىتىگە كېلىپ ئۆينى تېشىپ چىقىپ كېتىش ئۇچۇن ئۆزلىرىنى ئۆينىڭ تېمىغا ئۇرۇپتۇ، بىراق ئۆي ئۇياقتىن - بۇياققا دومىلاپ، بارغانچە ئاستىغا چۆكۈپتۇ. ھەر قېتىم دومىلىغاندا، ئۆينىڭ ھەممە تەرىپى تېخىمۇ تەكشى قىزىپ ئاتەشكە ئايلىنىپتۇ، بارا - بارا قىپقىزىل چوغ بولۇشقا باشلاپتۇ. يۇھالار ئاخىرقى قېتىم بىرلىكتە بار كۈچى بىلەن ئۆينىڭ چوغ بولغان جايىغا ئۇسۇپتۇ، بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئىككى يۇھانىڭ بېشى بوينىغىچە سىرتقا چىقىپتۇ، لېكىن ئاسمان - پەلەك كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇلار ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى قانداق دەم تارتقان بولسا، ئۇلارنىمۇ خۇددى شۇنداق ئۆز قەھرىگە ئېلىپ يۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇلار چارسىلداپ كۆيۈپ كۇل بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ «شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۇلتۇر يىلاننى، تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جاننى» دېگەندىن ئالدىنقىسىنى تاللىۋېلىپ، تەرىقەتچىلەرنىڭ كۆزقارىشىدىن كالىلىسىنى ئازاد قىپتۇ. چۈنكى، پادىشاھنىڭ تاللىۋالغىنى ھاياتلىق يولى ئىكەن. يىلاننى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئۇ سېنى چېقىپ ئۆلتۈرىدىكەن، بار - يوقۇڭنى دەم تارتىپ تۈگىتىدىكەن.

# قىرىماس ياشلىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ بىرلا خانىشى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ياش ھەم چىرايلىق ئىدىكەن. ئۇلار توي قىلىپ بىرنەچچە يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر پەرزەنت كۆرەلمەپتۇ، نۇرغۇن چارە - ئاماللارنى قىلىپ بېقىپتۇ، لېكىن ھېچبىر پايدىسى بولماپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى پادىشاھ يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە ھەم پال ئاچىدىغان، ھەم تېۋىپلىق قىلىدىغان بىر بوۋاينىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. بوۋاي:

— كىمنىڭ ئىشى بولسا، شۇ ئۆزى كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ خانىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنى ئېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بوۋاي پادىشاھنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە:

— ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، سىز نېمە ۋەجىدىن مېنىڭ

مۇساپىر كەپەمگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭىز؟ قانداق ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم پەرزەنت كۆرۈشۈم ئۈچۈن، خاسىيەتلىك دورىلىرىڭ بولسا، مەن شۇنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— مەندە خاسىيەتلىك دورا بار، بۇ دورا سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزىدۇ، سىز ئوغۇل پەرزەنت كۆرىسىز، لېكىن ئۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ نېمىلا بولمىسۇن، پەرزەنت كۆرىدىكەنمەن دەپ دورىنى ئېلىپ، خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ئۆز دەرگاھىغا قايتىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ پادىشاھنىڭ خانىشى ھامىلىدار بوپتۇ، پۈتۈن ئوردا خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ، لېكىن بۇ خۇشاللىقمۇ ئۇزۇنغا بارماپتۇ. خانىشنىڭ قورسىقىدىكى بالا كېچە - كۈندۈز يىغلاپ، خانىشنى بىئارام قىلغىلى تۇرۇپتۇ، قانداقلا قىلسىمۇ، بۇ بالىنىڭ يىغىسىنى توختىتالماپتۇ. خانىشنىڭ ئاي - كۈنى ئاللىقاچان توشقان بولسىمۇ، بالا يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ قورساقتىن چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ قايغۇغا چۆمۈپ:

— مېنىڭ جانجىگەر قوزام، يىغلىما، سەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندىن كېيىن، مەن ساڭا بارلىق دۇنيايىمنى ئاتا قىلىپ، يىراق - يېقىندىكى شەھەرلەرگە پادىشاھ قىلاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بالا توختىماي يىغلاۋېرىپتۇ. پادىشاھ ئەڭ

ئاخىردا:

— يىغلىما قوزام، مەن ساڭا قىرىماس ياشلىق، ئۆل-مەس ھايات ئاتا قىلاي، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بالا ساق - سالامەت تۇغۇلۇپتۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پادىشاھ پۈتۈن يۇرت خەلقىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز ئاش - تاماق تارتىپ، توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بۇ بالا ئەقىللىق، زېرەك، باتۇر بولۇپ ئۆسۈپتۇ ۋە مەكتەپكە كىرىپتۇ. باشقا باللار بىر يىلدا ئوقۇيدىغان دەرسنى بۇ بالا بىر ئايدىلا ئۆگىنىپ بولىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، پۈتۈن خەلقئالەم ئالدىدا ماختىنىپ يۈرۈپتۇ. لې-كىن، بۇمۇ ئۇزۇنغا بارماپتۇ. بالا بارا - بارا كەم سۆز بو-لۇپ قاپتۇ ۋە نېمىدۇر بىرنەرسىدىن ئازابلىنىپ يۈرۈپتۇ. پادىشاھ شاھزادىسىنىڭ ئون بەش ياشقا تولغانلىقىنى خا-تىرىلەپ ئوردىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەت تازا قىزىۋاتقاندا، بۇ بالا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئاتا، سىز مەن تۇغۇلۇش ئالدىدا قىلغان ۋەدىڭىز-گە ئەمەل قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى، — دەپتۇ. بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولغان پادىشاھ نېمە قىلىشىنى بىلمەي:

— بالام، مەن پەقەت سېنىڭ ئامان - ئېسەن تۇغۇ-لۇشۇڭنى كۆزلەپ شۇنداق دېگەنىدىم، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، مەن شۇ نەرسىنى تاپقانغا قەدەر پۈتۈن

ئىقلىمنى كېزىپ چىقىشنى قارار قىلدىم، — دەپتۇ شاھزادە. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋە بارلىق ئەمەلدارلار شاھزادە ئالدىدا پۇكۇلۇپ تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ پەيلىدىن يېنىشىنى، ئويدىن كەتمەسلىكىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادىنىڭ ئانىسىمۇ نەسىھەت قىلىپ، دادىسىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى، دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇشىنى، مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل قىزلاردىن تاللاپ ئۆيلىنىشىنى ئېيتىپتۇ، لېكىن بارلىق نەسىھەتلەرنىڭ ھەممىسى شاھزادىنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالماپتۇ. ئۆز ئوغلىنىڭ نىيىتىدىن يانمىغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ ئاخىر ئوغلىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.

شاھزادە سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن پادىشاھنىڭ ئاتخانىسىغا كىرىپ، ئەڭ چىرايلىق، يۈگۈرۈك ئاتتىن بىرنى تاللاپتۇ، لېكىن ئۇ ئات ھەرقانچە قىلسىمۇ شاھزادىنى يېقىن يولاتماپتۇ. باشقا ئاتلارمۇ شاھزادىنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. ئاخىردا شاھزادە ئاتخانىدىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ كۆزى ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ھەم ئورۇق، ھەم يېغىر بېسىپ كەتكەن ئاتقا چۈشۈپتۇ. شاھزادە ئاتنى تۇتۇپ، دۈمبىسىنى سىلىغانىكەن، ئات شۇ زامات زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي يىگىت، ماڭا نېمە ھاجىتىڭىز چۈشتى؟ خۇداغا شۈكۈر، مېنى لازىم تاپقان بولسىڭىز، مەن خىزمىتىڭىزگە تەييار. كۆزلىگەن مەقسىتىڭىزگە يېتىش ئۈچۈن

سىز ئالدى بىلەن ئاتنىڭىزدىن ياش ۋاقتىدا كىيگەن كىيىد-مىنى، ئاسقان قىلىچىنى، ئوقيا ۋە قالقانلىرىنى سورىۋې-لىڭ، مېنى ئۆز قولىڭىز بىلەن سۆتكە بۇغدايىنى قوشۇپ بوغۇز تەييارلاپ، ئالتە ھەپتە بېقىڭ، — دەپتۇ.

شاھزادە ئاتنىڭ دېگىنى بويىچە ئاتىسىدىن بۇ نەرسىد-لەرنى سوراپتۇ. ئاتىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن شاھزادە بارلىق ساندۇقلارنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئاختۇ-رۇپ، ئاخىر بىر كونا ساندۇق ئىچىدىن ئاتىسىنىڭ ياش ۋاقتىدا كىيگەن كىيىم - كېچەك، ئىشلەتكەن قورال - ياراغلىرىنى تېپىپتۇ. بۇ قوراللار ئاللىقاچان داتلىشىپ كەتكەنىكەن.

شاھزادە قوراللارنى سۈرتۈپ - تازىلاپ ئەسلىگە كەل-تۈرۈپتۇ. ئاتنى ئالتە ھەپتە راسا بېقىپتۇ. ئاتنىڭ بارلىق يېغىرى ساقىيىپ، سەمرىپ، چىرايلىقلىشىپ، قانات چىد-قىرىپ ئۇچار ئاتقا ئايلىنىپتۇ. سەپەرنىڭمۇ بارلىق تەييار-لىقلىرى پۈتۈپتۇ. شاھزادە ئاتقا يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە شاھزادە قىلىچ، ئوقيالارنى ئېسىپ، ئۇچار ئاتقا مىنىپ يولغا ھازىرلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ئوردىدىكى پادىشاھ، خانىش، ۋەزىرلەردىن تارتىپ بارلىق ئەمەلدار ۋە ئاددىي خەلقلەرگىچە شاھزادىنىڭ بۇ سەپەردىن ۋاز كېچىشىنى سوراپتۇ، بىراق شاھزادە ھەممىنى رەت قىلىپ، ئىككى يۈز لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرنىڭ

چوڭ دەرۋازىسىدىن ھەيۋەت بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ماڭا - ماڭا بىر چۆلگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتىنى ھېلىقى ئىككى يۈز لەشكەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنى پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇپ، ئات بىلەن يالغۇز يولغا راۋان بوپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن بىر جاڭگالغا كېلىپ قونالغۇ قىپتۇ. ئەتراپ تولىمۇ قورقۇنچ-لۇق بولۇپ، دۆۋە - دۆۋە ئادەم ئۇستىخىنىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. بۇ چاغدا ئات شاھزادىگە:

— ئىگەم، بىلىۋاتامسىز، بىز قورقۇنچلۇق ئالۋاستى دۆلىتىگە كېلىپ قالدۇق. ئۇ ئىنتايىن يامان مەخلۇق. كىمدەكىم ئۇنىڭ دۆلىتىگە قەدەم باسسا، دەرھال ئۆلتۈرىدۇ. ئەسلىدە ئۇ بىر ئايال ئىدى، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاچقا، ئاتا - ئانىسى ئۇنى قارغاپ تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۇ ھازىر بالىلىرى بىلەن ئويناۋاتىدۇ، ئەتە سەھەردە سىز ئۇنى ئۇچرىتىسىز. لېكىن، سىز ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ قورقۇپ كەتمەڭ، ئوق-يالىرىڭىزنى تەييارلاپ قويۇڭ، قىلىچ ۋە قالقانلىرىڭىزمۇ سىز بىلەن بىللە بولسۇن، — دەپتۇ ۋە ئىككىسى نۆۋەت بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى قۇياش ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن چاغدا، شاھزادە ئورماندىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىرنەرسىنىڭ دەرەخ چوقۇغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئات:

— تەييارلىنىڭ ئىگەم، تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستى كې-لىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ ئالدى تەرىپىدە قارا بورانلار چىقىپ، دەرەخلەر سۇنۇپ، ئالەم ئاستىن - ئۈستۈن بول-غاندەك بوپتۇ. قارىسا، تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستى شاھزادىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. شاھزادە تەمتىرىمەستىن ئوقيانى بەت-لەپ تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستىغا ئاتقانىكەن، ئالۋاستىنىڭ بىر پۇتى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستى شاھزادىگە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— مېنى كەچۈر، شاھزادە، مەن ساڭا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، — دەپتۇ. شاھزادە ئىشەنمىگەنىكەن، ئالۋاستى ئۆز قېنى بىلەن شاھزادىگە قەسەم بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ جېنىنى ئامان قويۇپتۇ.

— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن، شاھزادە، — دەپتۇ ئۇ شاھزادىگە قايىل بولۇپ، — ھازىر سەن مېنى يەڭدىڭ. ھازىرغىچە مېنىڭ دۆلىتىمگە قەدەم باسقانلار ئۆز جانلىرى-غا زامىن بولغانىدى. ئەنە قاراپ باققىن، ئۇلارنىڭ سۆڭەك-لىرى ھازىرغىچە تۇرۇپتۇ.

تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستى شاھزادىنى ئۆز دەرگاھىدا كاتتا مېھمان قىپتۇ. زىياپەت تازا قىزىۋاتقان ۋاقىتتا تۆ-مۈرتۇمشۇق ئالۋاستى شاھزادىگە يالۋۇرۇپ، ئاجراپ كەتكەن پۇتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپتۇ. شاھزادە ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ھېلىقى پۇتىنى ئۆز جايىغا تېڭىپ ساقايتىپ

قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستى ئۈچ كېچە - كۈندۈز زىياپەت قىلىپ شاھزادىنى باشقىدىن مېھمان قىپتۇ ۋە ھۆر قىزلار ئىچىدىن بىرنى تاللاپ شاھزادىگە بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ، بىراق شاھزادە بۇ-نىڭغا ئۇنىماپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ زادى نېمىنى ئىزدەپ بۇ جاي-غا كېلىپ قالغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بولۇپ، خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

شاھزادە ماڭا - ماڭا يەتتە كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن چايانلار مەملىكىتىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستىنىڭ سىڭلىسىنىڭ مەملىكىتى ئىكەن. ئەسلىدە بۇ چايانمۇ تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستىغا ئوخشاش سەۋەب بىلەن چايان قىياپىتىدىكى بىر چوڭ مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغاند-كەن. بۇ چاغدا شاھزادە يەنە ئېتىدىن قانداق قىلىش توغ-رىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. ئات:

— بۇ چايانغا ئايلانغان مەخلۇق ئاچىسىدىنمۇ يامان. ئۇ ئاچىسى بىلەن دۇنيا تالىشىپ داۋاملىق ئۇرۇشۇپ تۇرد-دۇ. ئۇنىڭ زەھىرى قايناپ تاشقاندا، ھەممە جانلىقنى چې-قىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ بېشى بار. ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىش كېرەك، بولمىسا، ھالاك بولىمىز، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈ-رۈپ، جەڭگە ھازىر بوپتۇ. بۇ چاغدا ئاسمان - زېمىن گۈلدۈرلەپ، ئۈچ باشلىق چايان دەھشەت بىلەن كېلىۋاتقۇ-

دەك. شاھزادە چايان بىلەن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئېلىـ
شىپ، چاياننىڭ بىر بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. چايان
يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپتۇ ۋە شاھزادىنى يەتتە كېچە ـ
كۈندۈز مېھمان قىلىپ، كەچۈرۈم سوراپتۇ. شاھزادە جاۋا-
بەن ئۇنىڭ كېسىلگەن بېشىنى ئۆز جايىغا تېڭىپ ساقاي-
تىپ قويۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى
بېسىپ بىر جايغا كەپتۇ. بۇ جاي شۇنچىلىك گۈزەل ئى-
كەنكى، ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايراپ،
سۇپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىكەن، گۈللەرنىڭ ئېسىل
پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ ئادەمنى مەست قىلىدىكەن.



شاھزادە بۇ
جايدا بىرئاز
ئارام ئالغان-
دىن كېيىن،
ئات ئۇنىڭغا:
— ئى-
گەم، بىز نا-
ھايىتى تەس-
لىكتە بۇ
جايغا كەل-
دۇق، ئالدى-
مىزدا يەنە
بىر خەتەر-

لىك ئورمان بار، ئۇ يەردە ئەڭ ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋانلار بار. ئورماندىن ئۆتسەكلا بىر ئوردا بار. شۇ ئوردىدا قېرىـ ماس ياشلىق، ئۆلمەس ھايات ساقلىنىدۇ. بىز ئورماننىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتىمىز. ئۇچقان ۋاقتىمدا يالىمغا چىڭ ئېسىلىڭ، ئىككى پۇتىڭىزنى بىقىنىمغا چىڭ بېسىڭ، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇچۇش سۈرئىتىمگە تەسىر يېتىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، ئۇچۇشقا باشلاپتۇ.



ئۇلار بارغانسېرى ئېگىز ئۆرلەپ ئۇچۇپتۇ، ئاستىدا ھەشەمەتلىك ئوردا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئەمدىلا ئوردىنىڭ بىر پاناھلانغۇدەك جايىنى كۆزلەپ چۈشەي دېگۈچە، ئاتنىڭ بىر پۇتى دەرەخ شاخلىرىغا تېگىپ كېتىپ، پۈتۈن ئورمانلىق سىلكىنىپ كېتىپتۇ. بۇنى تۇيۇپ قالغان دەھشەتلىك ياۋايى ھايۋانلار تەرەپ - تەرەپتىن ھۆركىرەپ جاھاننى بېشىغا كىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا، ئوردىدىكى بىر سا- ھىبجامال قىز غايىبتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۆرۈپ بەك خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى، بۇ قىز تاكى ھازىرغىچە بىرەر ئادەمزاتنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. ئۇ ھايۋانلارغا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ قىز خۇددى پەرىزاتتەكلا چىرايلىق ئىكەن.

— كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمەن، شاھزادە، بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپتۇ ساھىبجامال قىز.

— قېرىماس ياشلىق، ئۆلمەس ھاياتنى ئىزدەپ كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ شاھزادە.

— سىز ئىزدىگەن نەرسە بۇ يەردە بار، — دەپتۇ ۋە ئوردىغا باشلاپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردە يەنە بىر - بىرىدىن گۈزەل ئىككى قىز تۇرغۇدەك، ئۇلار ھېلىقى قىزنىڭ ئاچىلىرى ئىكەن. قىزلار بۇ ئادەمزات

ماكاندىن كەلگەن كىشىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ ۋە كاتتا زىياپەتلەر تەييارلاپ ئۇنى كۈتۈۋاپتۇ. زىيا-پەتتە ئىشلەتكەن تاماق قاچىلىرىدىن تارتىپ چوكىلىرىغى-چە ھەممىسى ئالتۇن ئىكەن. ئاتمۇ ياخشى كۈتۈلۈپتۇ، ئۇ-نىڭ بەھۇزۇر يايلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىلىپتۇ. شاھزادىنى ئورماندىكى بارلىق ياۋايى ھايۋانلارغا تونۇشتۇ-رۇپتۇ.

قىزلار شاھزادىنىڭ قامەتلىك، كېلىشكەنلىكىنى كۆ-رۈپ، ئۇنى بۇ يەردە ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ قېلىشقا ئۈندەپتۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ يالغۇزلۇقتىن زېرىككەنىكەن. قىزلارنىڭ بۇ گېپى شاھزادىگە يېقىپتۇ - دە، قېلىشقا ماقۇل بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، شاھزادىمۇ قىزلار بىلەن خېلى چىقىشىپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىد-نى بىر- بىرلەپ ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزلار ئۇنىڭغا ناھايىتى قايىل بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شاھزادىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ھەم ئەڭ چىرايلىقى بىلەن توي قىپتۇ. تويدىن كېيىن قىزلار يى-گىتنىڭ بۇ يەردىكى خالىغان جايغا بېرىپ ساياھەت قىلسا بولىدىغانلىقىنى، لېكىن بىرلا جايغا بېرىشقا بولمايدىغانلى-قىنى، بۇ جاي «ھالاكەت ئازگىلى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەرگە بارسا، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقى-

نى تاپىلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي خېلى ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپ-تۇ. ۋاقىت ئۇزارسىمۇ يېڭى كەلگەن ۋاقتىدىكىدەك ياپيېشىل تۇرۇپتۇ. ئوردىدىكى خىلمۇ خىل گۈللەر، جانغا ھۇزۇر بې-غىشلايدىغان ساپ ھاۋا ئۇنىڭ قەلبىنى يايرىتىپ، ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىپتۇ.

ئۇ دائىم دېگۈدەك ئوۋ ئوۋلايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ بىر توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، بىرنەچچە قې-تىم ئوق ئاتسىمۇ ئۇنىڭغا تەگكۈزەلمەپتۇ. ئاخىر غەزەپ بىلەن يەنە بىر تال ئوق ئاتقانىكەن، توشقانغا تېگىپتۇ، لېكىن توشقان ئۆلمەي قېچىپ كېتىپتۇ. شاھزادە توشقان-نى قوغلا ـ قوغلا ھېلىقى ھالاكەت ئازگىلىغا كېلىپ قاپ-تۇ. ئۇ توشقاننى ئېلىپ ئوردىغا قايتىش سەپىرىدە، توساт-تىنلا ئاتا ـ ئانىسىنى ئويلاپ قاپتۇ ۋە روھى چۈشكۈن ھالدا ئۆيىگە كەپتۇ. خوتۇنى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىسىمۇ، دېگىلى ئۇنىماپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ مەيۈسلەنگەن قىياپىتىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇۋپ قاپتۇ.

— ئەي بەختسىز شاھزادە، سىز چوقۇم ھالاكەت ئاز-گىلىدىن ئۆتۈپسىز، — دەپتۇ خوتۇنى تولىمۇ ئىچ ئاغرىت-قان ھالدا.

— مەن ھەرگىزمۇ قەستەن ئۇ يەرگە بارمىدىم، مەن

هازىر ئاتا ـ ئانامنى ئىنتايىن سېغىنماقتىمەن، لېكىن سىزدىنمۇ ئايرىلغۇم يوق. مەن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان سىز بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ، قىلچىمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلمىغانىدىم. مەن بېرىپ ئاتا ـ ئانامنى بىر كۆرۈپلا قايتىمەن، كېيىن بۇ يەردىن زادىلا كەتمەيمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— بۇ يەردىن كەتمەڭ، ئاتا ـ ئانىڭىز نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا ئۆلۈپ تۈگىدى. ئەگەر ئۇ يەرگە بارسىڭىز، سىزمۇ ئۆلۈپ تۈگەيسىز، — دەپتۇ خوتۇنى.

ئوردىدىكى قىزلار ۋە ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئاتنىڭ نەسىھەتلىرى شاھزادىنى ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈش مەقسىتىدىن زادىلا قايتۇرالماپتۇ. ئاخىردا ئات ئۇنىڭغا:

— ئىگەم، ئەگەر سىز مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي چوقۇم قايتىمەن دېسىڭىز، مېنىڭ شەرتىم بار، سىز شۇنى ئادا قىلسىڭىز ئاپىراي، — دەپتۇ.

— ئادا قىلىمەن، قېنى شەرتىڭنى سۆزلە، — دەپتۇ شاھزادە.

— سىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن بىر كۆرۈپلا قايتىسىز، ئەگەر بىر سائەتتىن ئوشۇق تۇرۇپ قالسىڭىز، مەن سىزنى قالدۇرۇپ، ئۆزۈم قايتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ. ئات

— بولىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە.

شۇنىڭ بىلەن شاھزادە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ،

ئوردىدىكى قىزلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ خوشلىشىپتۇ. خوتۇنى يىغا ـ زار قىلىپ ئۇزىتىپ قاپتۇ.

ئۇ ماڭا ـ ماڭا چايان مەملىكىتىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، بۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق، بۇ يەردە ھەشەمەتلىك يېڭى ئىمارەتلەر پەيدا بولۇپ، ئورمانلىقمۇ ياپيېشىل تۇزلەڭلىككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەردىكى كىشىلەردىن ئىلگىرىكى چايانىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىغانىكەن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن شۇنداق بىر رىۋايەتنى ئاڭلىغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. بۇ ئاجايىپ گەپقۇ، دەپ ئويلاپتۇ شاھزادە ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇن بۇ يەردىن ئۆتكەندىكى ئەھۋاللارنى شۇ يەردىكى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغانلار: «بۇ نېمە دەۋاتىدۇ، كۈپكۈندۈزدە ئالجىپ يۈرىدىغۇ؟» دەپ مەسخىرە قىپتۇ. ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن شاھزادە ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ بېقىپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتى ئۆسۈپ، چاچلىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى قىلچىمۇ ھېس قىلماپتۇ.

ئۇ، ئۇ يەردىن چىقىپ تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستىنىڭ مەملىكىتىگە كەلگەنىكەن، بۇ يەردىمۇ چايان مەملىكىتىدە كۆرگەن ئەھۋاللارغا ئوخشاشلا ئىلگىرىكى ئىشلاردىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق، ھەممىلا جاي باشقا بىر دۇنيا بولۇپ كەتكەنىكەن. شاھزادە بۇنىڭغىمۇ ھەيران بولۇپ، يەنە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى

ئاللىقاچان ئاقىرىپ مەيدىسىگە چۈشكەنىكەن، ئۆزىمۇ مۈك-چىيىپ يۈز ياشلىق بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ قاپتۇ.

ماڭا - ماڭا ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ مەملىكىتىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، ئادەملەرمۇ بۇرۇنقى ئادەملەرگە ئوخشىمىغۇ-دەك، شەھەرلەرمۇ باشقىچە، بۇرۇنقى ئوردا - سارايلارنىڭ ئورنى باغۇ بوستانلىققا ئايلانغان. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ خارابىلىك بىر جايغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ئات شاھزادىگە:

— يۈرۈڭ، ئەمدى تېز قايتايلى، ئەگەر مەن بىلەن قايتمىسىڭىز، مەن دەرھال قايتىمەن، — دەپتۇ.

— سەن قايتقىن، مەنمۇ ئۇزۇنغا قالماي ئارقاڭدىن بارارمەن، — دەپتۇ شاھزادە ئانچە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە. شۇنىڭ بىلەن ئات ئوقتەك ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

يالغۇز قالغان شاھزادە خارابىلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەر ئىلگىرى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي ئىكەن. ئەتراپتا ئازغان - تىكەنلەر ئۆسۈپ كەتكەن، چىرىپ كەتكەن ئادەم ئۇستىخانلىرى تۇرغۇدەك. ئۇ ئايلى-نىپ يۈرۈپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئەسكى ئۆيدىن بىر دانە كونا ساندۇقنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ، ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، بىر كىچىك قۇتا چىقىپتۇ، قۇتىنى ئېلىپ ئاغزى-نى ئاچاي دېيىشىگە، قۇتا ئىچىدىن:

— بالام، سەن كېچىكتىڭ، مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ

تۇگەشتىم، ــ دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ ـ دە، قاياقتىندۇر بىر شاپىلاق كاچىتىغا ئۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بىر دۆۋە ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قاپتۇ.



# تايغان بىلەن بۈركۈت

بۇرۇن بىر ئەر - خوتۇن بوپتىكەن. ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، خۇدادىن بىر قىز سوراپ يىغلايدىكەن. ئەر قېرى ئىكەن، خوتۇن ياش ئىكەن. ئۇلارنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، خوتۇن ھامىلدار بوپتۇ. ئاي - كۈنى توشۇپ، ئۇ بىر قىز تۇغۇپتۇ. قىزى تۇغۇلغان كۈنى قوتاندىن بىر قوي يوقىلىپتۇ. ئوغلى ھەيران بولۇپ بۇنى ئىزدەپ يۈرگەندە، يەنە بىر قوچقار يوقىلىپ كېتىپتۇ. بالا قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ئاخشىمى قوتانغا كىرىپ، ئۇخلىماي ماراپ يېتىپتۇ. سەھەردە كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن، يەنە بىر قوي يوقىلىپ كېتىپتۇ. ئەلەمگە چىدىمىغان بالا ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ: «خەپ !» دەپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى قولىنى كېسىپ تۇز سېلىپ، قولىنىڭ ئېچىشىشىغا ۋاي - ۋايلاپ قوتاندا ئۇخلىماي تۇرسا، ئاسماندىن بىر پارچە ئوت يۇلتۇزدەك ساقىپ قوتانغا چۈشۈپتۇ. بالا قىلىچ بىلەن بىر چاپقانىكەن، ئوت چىرقىراپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ.

بالا بۇ ۋەقەگە ھەيران بولۇپ، يورۇق چۈشكەندە ئې-

غىلغا قارىسا، كىچىك بالىنىڭ چىمەلتىكى تۇرغۇدەك. بالا بۇ ئەھۋالنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئۇلار ئوغرىنى تاپماق بولۇپ، قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىدىن ئىزدەپتۇ، شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپتۇ، ھېچ يەردىن تېپىلماپتۇ. ئانىسى كېچىسى بۆشۈككە يۆلىنىپ قىزنى ئېمىتىۋاتقاندا، كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندەك بوپتۇ. شۇ چاغدا بۆشۈكتىن بىر ئوتنىڭ سوزۇلۇپ چىقىپ كېتىپ، يەنە سوزۇلۇپ كىرىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئۆز قىزى ئۇستىدە يامان ئويغا كېلىش يۇرىكىگە پاتماپتۇ. ئەمما، ئوغلى سىڭلىسىنىڭ بىر چىمەلتىكىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئانىسىغا:

— قارىغاندا، ماللارنى يەپ كەتكەن مۇشۇ قىزنىڭ ئوخشايدۇ. ئۇنى ھازىر يوقاتمىساق، كېيىن بېشىمىزغا بالا بولىدۇ، شۇڭا قىزىڭنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ.

بۇنىڭغا ئانىسى رازى بولماپتۇ، دادىسىمۇ ئۇنىماپتۇ. بالا جىق ئېيتىشىپتۇ، بىراق ئاتا - ئانىسى كۆنمىگەچكە ئىلاج قىلالماپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا دۇئا بېرىڭلار، مەن بۇ شەھەردىن كېتىمەن، — دەپتۇ ئوغلى. ئاتا - ئانىسى يىغلاپ - قاقشاپ ئوغلىغا دۇئا بېرىپ، ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئوغۇل قولىغا بىر تال چىۋىق ئېلىپ يول مېڭىپتۇ، چۆللەرنى كېزىپتۇ، بىر كۆلنىڭ قېشىغا كېلىپ دەم ئاپتۇ. ئۇ قولىدىكى چىۋىقنى كۆل بويىغا سانجىپ قويۇپ،

باشقا بىر شەھەرگە كېتىپتۇ، ئۇ شەھەرگە بېرىپ، بەش - ئون يىل مەدىكارلىق قىپتۇ، پۇل تېپىپ ئۆي ساپتۇ، مىدىندىغان ئات ئاپتۇ، بىر بۇركۇت بىلەن بىر تايغان بېقىپ، ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ، تۇرمۇشى ئاز - تولا تۈزەلگەندە ئۆيلىنىپتۇ. يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ خوتۇنى ھامىلىدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. خوتۇنى تۇغقان كۈنلەردە بۇ يىگىت ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپتۇ، ئانىسىنىڭ تۇغقان قىزىنى ئېسىگە ئاپتۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى سېغىنىپتۇ. بۇنى خوتۇنى سېزىپ:

— نېمە خىيال سۈرۈۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

ئۇ ۋەقەنى خوتۇنىغا ئېيتماپتۇ، ئەمما خوتۇنىنىڭ بېشىنى سىلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ.

— ئېيتىڭ، — دەپتۇ خوتۇنى.

— ئاتا - ئانامنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئاخىر يىگىت.

— بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، — دەپتۇ خوتۇنى.

— سەن يېڭى تۇغۇتلۇق تۇرساڭ، مەن قانداق باردىمەن؟ ئەڭ بولمىغاندا بالىمىزنىڭ قىرىقى سۈيىنى قۇيۇپ بولۇپ ئاندىن باراي، — دەپتۇ يىگىت.

ھەش - پەش دېگۈچە قىرىق كۈن ئۆتۈپتۇ. يىگىت بالىسىنىڭ بۆشۈك توينى ئۆتكۈزۈپ، ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا ئۇ بىر قاچىغا سۈت، بىر قاچىغا قېتىق قۇيۇپ قويۇپتۇ، بۈركۈ-

تىنى قونداقىا قوندۇرۇپ، تايغىنىنى تۇۋرۇككە باغلاپتۇ، ئاندىن كېيىن خوتۇنىغا:

— سەن ۋاقتى - ۋاقتىدا بۇ سۈت بىلەن قىتىقىقا قاراپ تۇرغىن، ئەگەر سۈت قانغا، قىتىق يىرىڭغا ئايلانسا، تايغان بىلەن بۈركۈتنى قويۇپ بەرگىن، — دەپتۇ. بۈركۈتى بىلەن تايغىنىغا يېقىن بېرىپ، ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشسە، مەن سىلەرنى ئۈچ قېتىم ۋارقىراپ تۇرۇپ چاقىرىمەن، شۇ چاغدا ئۇلگۈرۈپ بارساڭلار مەن ئامان قالىمەن، بولمىسا، بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىمىز، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خوتۇنىنى، ئوغلىنى، بۈركۈتىنى سۆيۈپ، تايغىنىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ قويۇپ، تۇغۇلغان يۇرتىغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئۇ ئۇزۇن مېڭىپتۇ، كۆل تۈۋىگە كەپتۇ، ھېلىقى سانجىپ قويغان چىۋىقى كارامەت يوغان دەرەخ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ سايىسىدە ھاردۇق ئېلىپ، ئېتىنى ئوتقا چالدۇرۇۋېلىپ، يەنە مېڭىپ كېتىپتۇ. ئۇ شەھەرگە يېقىن بېرىپ قارىسا، شەھەر پۈتۈنلەي ئەسكى تام بولۇپ قالغان، قىمىرلىغان جان كۆرۈنمەپتۇ، دەرەخلەر سۇسىراپ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قاپتۇ، ئەسكى تاملار جىنخانىدەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ توختاپ ئويلاپتۇ، بىر تۇرۇپ قايتىپ كەتمەك بوپتۇ، شۇنداق ئويدا تۇرسا، بىرلا تۇرخۇندىن ئىس چىقىۋاتـ

قانلىقى چىلىقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، شۇنچە يەردىن كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇقماي كەتسەم مەردلىك بولماس دەپ، ھېلىقى تۇرخۇنىدىن ئىس چىقىپ تۇرغان ئۆينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۆي ئىچىدىن پېشانىسىدە بىر كۆزى بار بىر قىز چىقىپ:

— ئەسسالام، ۋاي سادىقىڭىز بولاي، مېنىڭ ئاكامغۇسىز! — دەپ ئاكىسىنى تونۇۋاپتۇ، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئۆيگە باشلاپتۇ. ئاكىسىمۇ سىڭلىسىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدا ئۆزى چىپىۋەتكەن چىمەلتىكىگە قاراپ تونۇپتۇ، ئەمما پېشانىسىدىكى بىر كۆزىنى كۆرۈپ ئىمانى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ. ھەممە ۋەقە چۈشىنىشلىك بولغاچقا، سىڭلىسىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ سورىماپتۇ، لېكىن ئاشۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قوشۇپ، توخۇ ـ تۇمان، مال ـ ۋارانلارنىمۇ قويماي يەپ بولغانلىقىنى خىيالىدىن كەچۈرۈپتۇ. قىز شۇ ئارىدا:

— ئاكا، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ، مەن سىزگە ئاش ئېتىپ بېرەي، — دەپتۇ، ئەمما كۆڭلىدە، مېنىڭ بىر چىمەلتىكىمنى چاپقانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنى بىر يالماپ يەۋەتمەي، تىرىكلا قايناق سۇغا سېلىپ پىشۇرۇپ يەي، دېگەن نىيەتكە كەپتۇ.

— بولىدۇ، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى ۋە بۇ مېنى قازانغا سېلىپ پىشۇرىدۇ، ئەمدى بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بارمۇ، يوقمۇ، دەپ خىيال قىپتۇ.

ئاڭغىچە قىز تۇرۇپ قازانغا سۇ قۇيۇپ، ئوچاققا ئوت يېقىپتۇ، ئوتۇنغا بىر چىقىپ كىرگىنىدە، ئاتنىڭ بىر پۇتىنى يەپتۇ.

— ئاكا، سىز ئۈچ پۇتلۇق ئات مىنىپ كەلدىڭىز- مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سىڭلىسى.

— ھەئە، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى.

قىز يەنە بىر چىقىپ كىرىپتۇ - دە:

— ئاكا، سىز ئىككى پۇتلۇق ئات مىنىپ كەلدى- ڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، سىڭلىم، ئىككى پۇتلۇق ئات مىنىپ كەلدىم، — دەپتۇ ئاكىسى.

سىڭلىسى تالاغا يەنە بىر چىقىپ كەتكەندە، يىگىت ئەمدى ئۇ ئاتنى يەپ بولۇپ، مېنى يەيدۇ، دەپ ئويلاپ تۇر- غىنىدا، سىڭلىسى كىرىپ:

— ئاكا، ئېتىڭىزنى دومىلىتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەئە، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ، — مەن چارچاپ قالدىم، دۇتارىڭىزنى بېرىڭ، تاماق پىشقۇچە مەن ئۆگزىدە تۇغلۇكتىن پۇتۇمنى ساڭگىلىتىپ چېلىپ ئولتۇراي!

— بولىدۇ، — دەپتۇ قىز ۋە ئاكىسىنى ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ، قازاننى قايىنىتىشقا باشلاپتۇ. ئاكىسى دۇتار چېلىپ ئولتۇرسا، بىر ئاغمخان كېلىپ:

— سىنىڭ بۇ سىڭلىڭ پۈتۈن شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ، مال - ۋارانلىرىنى، توخۇ - تۇمانلىرىنى قويماي يەپ بولدى، بىز نىمۇ كۆرسە قويمايدۇ، شۇڭا پەقەت ئۆيۈمىزدىن چىقمايمىز. ئەمدى ئىتنىڭمۇ يەپ بولۇپ، سېنى يەيدۇ، جېنىڭنى ئال، — دەپتۇ.

— قانداق قېچىپ كېتەلەيمەن؟ — دەپتۇ يىگىت.

— بۇ بىر كۆزلۈك يالماۋۇزنىڭ قىرىق قوشۇقى، سۆزگۈچ - تارغىقى، ئەينىكى بار، مەن ساڭا شۇلارنى ئوغرىلاپ بېرەي، سەن شۇلارنى ئېلىپ قاچ. يېتىشىپ كەلگەندە، بىرىنى تاشلاپ بەر، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ، يەنە قوغلاپ كېلىدۇ، ھەر كەلگەندە، بىرىنى تاشلا، شۇنداق قىلىپ قاچساڭ قۇتۇلالايسەن، — دەپتۇ ئاغىچا.

يىگىت ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئاغىچا دېگەنلىرىنى ئوغرىلاپ بېرىپتۇ. يىگىت ئىككى ئۆتۈكىنىڭ قونچىسىغىچە تولدۇرۇپ قۇم سېلىپ، تۆگىلۈكتىن ئۆي ئىچىگە ساڭگىلىتىپ قويۇپ، ئۆگزىدىن چۈشۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئاغىچا بولسا بۇ يىگىتنىڭ ئورنىدا دۇتارنى دىڭگىلىتىپ تۇرۇپتۇ. بىر كۆزلۈك يالماۋۇز ئېغىلغا كىرىپ، ئاكىسىنىڭ ئېتىنى پۈتۈنلەي يەۋېتىپتۇ، ئۇ ئاتنى ھەزىم قىلىپ سىڭدۈرگۈچە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بىر چاغدا قورسىقى ئېچىپ، ئاكىسىنى يېمەك بولۇپ:

— ئاكا، چۈشۈڭ، تاماق پىشتى، — دەپتۇ.

ئاكىسى جاۋاب بەرمەي دۇتارنى چېلىۋېرىپتۇ. سىڭ-

لىسىنىڭ غەزىپى كېلىپ، ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ بىر تارتقانىكەن، پېشانىسىدىكى بىر كۆزىگە قۇم تولۇپ كېتىپتۇ.

— خەپ ! — دەپتۇ يالماۋۇز كۆزىنى ئۇۋۇلاپ. ئۇ كۆزىدىكى قۇمنى ئاران چىقىرىۋېتىپ، قېنى سېنىڭ قېچىپ قۇتۇلغىنىڭنى كۆرەي، دەپ ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، بىر موللاق ئېتىپ ئاكىسىغا يېتىشىۋالاي دەپتۇ. ئاكىسى ئارقىسىغا قارىسا، بىر قارا قۇيۇن كېلىۋاتقۇدەك. سىڭلىسى يېقىن كېلىپ:

— ھە، قېچىپ قۇتۇلماقچىمۇسەن؟ پۈتۈن شەھەر خەلقى قۇتۇلالمىغان يەردە، سەن ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن ! — دەپتىكەن، ئاكىسى بىر قوشۇقنى تاشلاپتۇ.



— خەپ ! — دەپتۇ سىڭلىسى قوشۇقنى ئېلىپ. قىز قوشۇقنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ يەنە كەپتۇ. ئاكىسى يەنە بىر قوشۇقنى تاشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ يالماۋۇز قىرىق قېتىم ئۆيگە بېرىپ كەپتۇ. قوشۇقلار تۈگىگەندىن كېيىن، ئاكىسى تارغاقنى تاشلاپتۇ، تارغاق ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر تاغ بولۇۋاپتۇ. بىر ھازادا يالماۋۇز تاغدىن ئۆتۈپ يەنە يېتىپ كەپتۇ. يىگىت سۈزگۈچنى تاشلاپتۇ. بۇ سۈزگۈچ ئۆتكىلى بولماس بىر كەڭ ئورمانغا ئايلىنىپتۇ. ئاكىسى قېچىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، يالماۋۇز يەنە يېتىپ كەپتۇ. ئەمدى ئەڭ ئاخىردا ئەينەكنى تاشلاپتۇ. ئۇ ئەينەك كۆز يەتمەس دەريا بوپتۇ. يالماۋۇز بۇ

دەريادىن ئۆتكۈچە ئاكىسى قېچىپ، ھېلىقى كۆلنىڭ تۇۋى-
گە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەمدى قېچىپ قۇتۇلۇشقا ھېچ ئىلاجى
قالمىغاچقا، ھېلىقى چىۋىقتىن ئۆسكەن يوغان تېرەكنىڭ
ئۇستىگە چىقىۋاپتۇ. يالماۋۇز دەريادىن ئۆتۈپ، ئاخىر
كۆل بويىدىكى تېرەك تۇۋىگە كېلىپ ئاكىسىنى يوقىتىپ
قويۇپتۇ. كۆپ ئىزدەپ، ئاخىر كۆرۈپ قاپتۇ، تېرەككە
چىقىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماپتۇ.

— ئاكا، ئاكا ! — دەپتۇ يالماۋۇز.

— نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ ئاكىسى.

— سىزنى تېرەكتىن قانداق چۈشۈرىمەن؟

— ھەربىر چىشىڭنى بىردىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئوتتۇز
ئىككى چىشىڭنىڭ ھەممىسىنى ھەرە قىلىپ تېرەكنى
كەسسەڭ يىقىلىدۇ، شۇ چاغدا مېنى چۈشۈرەلەيسەن، —
دەپتۇ يىگىت.

يالماۋۇز بىرىنچى چىشىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ھەرە قىپ-
تۇ - دە، تېرەكنى كېسىشكە باشلاپتۇ. ئاكىسى تېرەك
ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ئاسمانغا، يەرگە قارىسا، يا بۇركۇتى، يا
تايغىنى كۆرۈنمەپتۇ.

بۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز يىگىتنىڭ ئۆيى-
دىن گەپ ئاڭلايلى:

يىگىت ئاتا - ئانىسىنىڭ شەھىرىگە كەتكەندىن بېرى
خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، خوتۇن كۇندە سۇت، قېتىققا قارى-
سا، يا قان، يا يىرىڭ كۆرۈنمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خوتۇنى

ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كېتىپتۇ.
تايغان بىلەن بۇركۇت ئۆز جايىدا تۇرۇپ، سۇت ـ قېتىققا
قاراپ تۇرۇپتۇ. بىردىنلا سۇت قانغا، قېتىق يىرىڭغا ئايلىنىپتۇ، بۇركۇت يىپنى، تايغان زەنجىرنى ئۈزۈشكە زورۇقۇپ بېقىپتۇ، ھېچ بوشنالماپتۇ. بۇركۇت چاكىلداپ بېقىپتۇ، تايغان ھاۋشىپ بېقىپتۇ، بۇلارنى بوشىتىپ قويۇپ بېرىدىغان كىشى چىقماپتۇ. تاق مۇشۇ چاغدا بىر كۆزلۈك يالماۋۇز ئوتتۇزىنچى چىشىنى سۇغۇرۇۋېلىپ تېرەكنى ھەرىدەۋېتىپتىكەن. بۇركۇت بىلەن تايغاننىڭ قۇلىقىغا يىگىتنىڭ ئۇلارنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. تايغان بار كۈچى بىلەن بىر يۇلقۇنۇپتىكەن، زەنجىرنى ئۈزۈۋاپتۇ. ئۇ دەررۇ بۇركۇتنىڭ پۇتىدىكى يىپنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتۇ ـ دە، ئىككىسى ئىگىسى تەرەپكە قاراپ ياردەمگە مېڭىپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا، ئىگىسىنىڭ ئۇلارنى ئىككىنچى قېتىم چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بۇركۇت تايغانغا:
— سەن مېنىڭ كەينىمدىن بارارسەن، — دەپ، ئېگىز ئاسماندىن كۆل تەرەپكە پۇتۇن كۈچى بىلەن شۇڭغۇپتۇ ـ دە، بوراندەك كېلىپ، بىر كۆزلۈك يالماۋۇزغا چاڭگال ساپتۇ. بۇ ئىككىسى تۇتۇشۇپ كېتىپتۇ. يالماۋۇز ھالسىراپ، قاچار جاي تاپالماي، بۇركۇتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆل تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا دەرەخ يىقىلىپتۇ، يىگىت كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر كۆزلۈك يالماۋۇز ئۆلەر ھالەتتە ئاكىسىنى يەۋېتىشكە ئىنتىلىپتۇ. بۇركۇت

بىر پۇتىدا يىقىلغان دەرەخ شاخلىرىنى تۇتۇپ، بىر چاڭ-گىلىدا ئۇنى مۇجۇپ قويۇپ بەرمەپتۇ. شۇ چاغدا تايغان يېتىپ كەپتۇ. ئۇ پۇتۇن غەزىپى بىلەن بىر كۆزلۈك يالما-ۋۇزنىڭ گەجگىسىدىن چىشلەپ، ئىككى سىلكىپ، بېشىنى كۆلنىڭ قىرغىقىغا ئۇرۇپ، پۇتۇن كۈچى بىلەن تالاپتۇ. بۇ چاغدا يالماۋۇز بۇركۇتتىن ئاجراپ، تايغان بىلەن ئېلىشىپ-تۇ، بىر - بىرىنى سۆرىشىپ ھەر ئىككىسى كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. يىگىت بولسا، ناھايىتى تەسلىكتە كۆلنىڭ قىر-غىقىغا قاراپ ئۇزۇپ، بىر چۆكۈپتۇ، بىر چىقىپتۇ، ئاخىر ھالسىزلىنىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بۇركۇت قانىتىنى سوزۇپ، ئۇنى سۇدىن تارتىپ چىقىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلار، كۆل-دىن تايغان تىرىك چىقامدۇ ياكى يالماۋۇز تىرىك چىقامدۇ، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەگەر، يالماۋۇز چىقسا، سەن مېنى پۇتۇن كۈ-چۈڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئات، مەن ئۇنى مۇجۇۋېلىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىقىپ، تاغۇ تاشلارغا ئۇرۇپ، كۆزىنى چوقۇپ قارىغۇ قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، — بۇركۇت شۇنداق دەپ تۇ-رۇشىغا، كۆلنىڭ سۈيى زەرداب بولۇپ، يېرىڭغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تايغان كۆلدىن ئۇزۇپ چىقىپ، بىر سىلكىنىپ، ئىگىسىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت تايغىنىنى قۇچاقلاپ ئەركىلىتىپتۇ، بۇركۇتنى سۆ-يۈپ، قولىغا قوندۇرۇپتۇ، ئاخىر ئۇلار بىللە ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ.

# ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش



زامانى ئاۋۋالدا زالىملار ئەتىۋار، ئادالەتلىكلەر خار، ھەسەتخورلار مەنسەپدار، ئاق كۆڭۈللەر زار بولغان، پاردخورلار بېيىپ، ساداقەتمەنلەر نامراتلاشقان، بىلىمسىزلەر يۈز تاپقان، ئىلىم ئەھلى خارلانغان، گۈلنىڭ ئورنىنى تىكەن، بۇلبۇلنىڭ ئورنىنى زاغ ئالغان بىر مەملىكەت بولغانىكەن. ئۇ ئەلنىڭ شاھى ناھايىتى دۆت ۋە كالۋا ئىكەن، قىرىق خوتۇنى بولسىمۇ، ھېچقايسىسىدىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن. بۇ شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى تولىمۇ ئادىل، ئۇنىڭ خوتۇنى دانىشمەن ئىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، شاھقا قېرىلىق يېتىپتۇ، ئۇ ئۆز پۇشتىدىن تامغان ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن غەمگە پېتىپتۇ. ئوردىدىكى پىتنىخورلار، خانىشلار شاھلىق تەمەسىدە چاياندەك قۇتراپتۇ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپتۇ. سول قول ۋەزىر، دىۋانبېگى قاتارلىقلار ئوڭ قول ۋەزىرنى شاھلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى توسالغۇ دەپ قاراپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش مەق-

ستىدە بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇنى شاھقا چېقىپتۇ. شاھ غەزەپكە كەپتۇ، بىراق ئوڭ قول ۋەزىرگە ئاشكارا قول سېلىشنى ئەپ كۆرمەپتۇ ـ دە:

ـــ ئۇ سەۋەبىنى بىلمەيدىغان، نام ـ نىشانسىزلا يوقىلىدىغان بىر ئەپلىك چارە تېپىڭلار، ـــ دەپتۇ.

پىتنىخورلار شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدە سول قول ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە توپلىنىپتۇ، تۈرلۈك ئامال ـ چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە دىۋانبېگىنىڭ تەدبىرى ھەممىگە ماقۇل بوپتۇ.

ـــ شاھ ۋەزىرگە ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغان، ئادەمنى ياشارتىدىغان مېۋە تېپىپ كېلىشنى تاپشۇرسۇن، شەھەردىن ئاتلىق ماڭغاندا تۆت كۈندە يېتىپ بارىدىغان بىر تاغ بار، تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ باغ بار. بۇ كۈھقاپنىڭ دىۋىلىرىگە تەئەللۇق باغ، ھېلىقى مېۋە پەقەت شۇ باغدىلا بار. بۇ باغدىن ئادەم بالىسىنىڭ بىرەر تال مېۋە ئاچىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئوڭ قول ۋەزىر شاھنىڭ پەرمانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن شۇ باغقا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇ يەردە دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلمىگەندىمۇ، باشقا ئىككى خەۋپتە ئۆلىدۇ، ـــ دەپتۇ دىۋانبېگى.

ـــ ئىككى خەۋپ نېمىكەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ باشقىلار.

ـــ شەھەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر بۇلاق بار، دىۋىلەر بۇ بۇلاققا زەھەر تۆككەن. بۇ يەردىن ماڭغان

ھەرقانداق يولۇچى شۇ بۇلاق سۇيىدىن ئىچمەي ماڭالمايدۇ. بۇلاق سۇيىنى ئىچمەي ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردە، ھېلىقى باغنى ساقلايدىغان تۆت ئىت بار، ئىتلار دىۋە نەسلىدىن، ھەرقانداق پالۋانمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دەپتۇ دىۋانىبىگى.

ئۇلار بۇ ئاجايىپ تەدبىرنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ بۇ تەدبىرنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە ئوڭ قول ۋەزىرگە:

— سەن ماڭا ئادەمنى ياشارتىدىغان، ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغان مېۋىلەردىن تېپىپ كەل ! — دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئۆيىگە قايتىپتۇ، نېمە قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ، خوتۇنى ئەھۋال سورىغانىكەن، شاھ تاپشۇرغان ئىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— سىلىنى ئۇلار دىۋىلەرنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى كۆزلەپتۇ، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، — شاھ دېگەن مېۋىلەر دىۋىلەرنىڭ بېغىدا بار، بۇ باغدا جاھاندا بارلىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ باغدىكى ئاق ئەنجۈر ئادەمنى ياشارتىدۇ، سېرىق نەشپۈت ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ، قارا ئەنجۈرنى يېگەن ئادەم مۇڭگۈزلۈك ھايۋانغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ، كۆك نەشپۈتنى يېسە ئەسلىگە كېلىدۇ. سىلى شەھەردىن چىقىپ كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ تۆت كۈن ئاتلىق ماڭسىلا، ئاندىن دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا بارىدىلا، ئۆيدىن چىقىپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن

كېيىن سۇسىز، گىياھسىز چۆلدىكى بىر بۇلاق بېشىغا با-
رىدىلا، بۇلاق سۈيى زەھەرلەنگەن، ھەرگىز ئىچمىسىلە، ئاتـ-
نىمۇ سۇغارمىسىلا. يەنە يېرىم كۈن ماڭغاندا بىر كىچىك
دەريا بويىغا بارىدىلا. مانا مۇشۇ يەردە ئۇسسۇزلۇقلىرىنى
قاندۇرۇپ، ئاتنى سۇغىرىپ، ھاردۇق چىقارسىلا. تۆتىنچى
كۈنى باغقا يېتىپ بارىدىلا. سىلى دەۋلەرنىڭ ئۇخلىغان
پەيتىنى كۈتسىلە، دەۋلەر ئۇخلايدۇ، ئەمما باغنى ساقلايدىـ-
غان تۆت ئىت ئۇخلىمايدۇ. ئۇلارغا تۈيدۈرماي بىردىن قويـ-
نىڭ كاللىسىنى تاشلاپ بېرىدىلا، ئىتلار كاللىنى غاجاپ
قاۋىمايدۇ، سىلىگە تەگمەيدۇ. سىلى سۆڭگۈچتىن كىرىپ
باشقا ھەرقانداق مېۋىگە تەگمەي، ئاق ئەنجۈردىن تۆتنى،
سېرىق نەشپۈتتىن تۆتنى ئالىدىلا، كۆپ ئېلىش خەتەر-
لىك. ئەنجۈر، نەشپۈتنى ئاچقىپ يولغا راۋان بولىدىلا.
يولدا ئەنجۈردىن بىرنى، نەشپۈتتىن بىرنى يەيدىلا، شۇنىڭ
بىلەن ئۇسسىمايدىلا، قورساقمۇ ئاچمايدۇ. ھەرگىز بىپەرۋا-
لىق قىلمىسىلا، بولمىسا، رەقىبلىرى تەنتەنە قىلىدۇ،
دوستلىرى ماتەمدە قالىدۇ. بۇ جەرياندا مەنمۇ ھەمدەم
بولارمەنۇ، لېكىن تەقدىرنىڭ ئىشىغا بەندە ئامال قىلالماي
قالسا، ئۇششاق بالىلىرىمىزغا مۇشكۈل بولىدۇ...
ئوڭ قول ۋەزىر بىر چوڭ خۇرجۇننىڭ بىر بېشىغا
قوينىڭ تۆت كاللىسىنى، يەنە بىر بېشىغا ئوزۇق - تۈلۈك
ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. دېگەندەك، توپتوغرا ئىككى كۈن
يول يۈرگەندىن كېيىن گىياھسىز، سۇسىز چۆلگە چىقىپ

قاپتۇ. ھاۋا بەك قىزىپ، ۋەزىرنى تەشنالىق قىيناپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. ۋەزىر زور ئۈمىد بىلەن شۇ چىنار تۈۋىگە بېرىپتۇ. چىنارنىڭ تۈۋىدە توختاۋسىز ئېقىپ تۇرغان بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىق ئازابىدا بېشى ئايلانغان ۋەزىر خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلماي، ئاتتىن چۈشۈپتۇ - دە، ئاتنى چىنارغا باغلاپ بولۇپ، قولىغا بىر ئوچۇم سۇ ئاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ ۋەزىرنىڭ قولىغا قانىتى بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئۇ: «ۋاي...» دەپ قولىنى تارتقانىكەن، ئوچۇمدىكى سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قايتا سۇ ئالماقچى بولغانىكەن، «بۇ سۇنى ئىچمەڭ، ئىچسىڭىز ئۆلىسىز!» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. ئۇ ھەيرانلىقتا ئەتراپىقا قاراپتۇ، ئاسماندىكى كۆك كەپتەردىن باشقا ئۇچار - قاناتمۇ، ئادەممۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر كۆك كەپتەرنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ - دە، سۇنى ئىچمەي يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر تۆتىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە كۆزلىگەن مەنزىلىگە كەپتۇ. ئۇ خۇرجۇندىكى قوي كاللىلىرىنى بۇلۇڭدىكى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ، ئاندىن سۆڭگۈچتىن باغقا كىرىپتۇ. قارىسا، باغ ئىچىدە مېۋىلەر مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەنىكەن. ۋەزىر ئاي شولىسىدىن پايدىلىنىپ ئىزدەپ، ئاق ئەنجۈر، سېرىق نەشپۈتنى تېپىپ تۈتىنىلا ئاپتۇ - دە، باغدىن قايتىپ چىقىپتۇ.



ئوك قول ۋەزىر ئوردىغا قايتىپ، بىر ئەنجۈر، بىر نەشپۈتنى شاھقا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ ۋە ھىيلىگەر ئەمەلدارلار سۇيىقەستلىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى پەملەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىچىدە چايان قاترايدىغان مەككارلار باشقا سۇيىقەست پىلانلاپتۇ.

— ھازىر ئەلدە ئىسيان تولا، جەڭگە تەييارلانمىساق بولمايدۇ. ئەمما، لەشكەرلىرىمىزنىڭ قورال - ياراغلىرى يېتەرسىز، شۇڭا كۆمۈر كۆيدۈرۈپ، پولات - تۆمۈردىن قورال - ياراغ ياسىمىساق بولمايدۇ، بىز مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئەلگە ئوتۇن ئالۋىنى سالساق، يىغىلغان ئوتۇننى ئوك قول ۋەزىر شەھەر سىرتىدىكى ئايدالاغا مۇنار شەكلىدە قىلىپ تىزسا، ئۇ ئوتۇننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ بولغۇچە ئوتۇنغا ئوت يېقىۋەتسەك، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

شاھ سول قول ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئوك قول ۋەزىر ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى

خوتۇنغا ئېيتىپتۇ ۋە:
— ئەمدى قۇتۇلۇش تەس، بۇ ئەجەل مېنىڭ بېشىمغا بىمەھەل كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ ھەسرەتلىنىپتۇ.
— سىلى ئەندىشە قىلمىسىلا، سىلى ئوتۇننى مۇناردەك قىلىپ تىزىۋەرسىلە، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى.
ۋەزىر ئوتۇننى مۇنارغا ئوخشىتىپ تىزىۋېرىپتۇ. ئوتۇن تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، شاھ: «ئوت يېقىلسۇن !» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىپتۇ. ياساۋۇللار ئوتۇنغا تەرەپ - تەرەپتىن ياغ چېچىپ ئوت يېقىپتۇ، بىردىنلا يەر - جاھاننى ئوت ۋە تۈتەك قاپلاپ كېتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ جەزمەن ئۆلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئوردىغا قايتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ خوتۇنى سۇمۇرغ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىپ ئېرىنى ئەكېتىپتۇ، بۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:
— سىلى ھېلىقى ئاق ئەنجۈردىن بىرنى، سېرىق نەشپۈتتىن بىرنى ئېلىپ، مانا بۇ مەن تەييارلاپ قويغان جەننەتنىڭ ھۆر - پەرىلىرىگە خاس ئاق لىباسنى يېپىنىپ، تاج تاقاپ، ئوتۇن كۆيدۈرگەن ئايدالادىكى كۈلنىڭ تۆپىسىگە بېرىپ ئولتۇرىدىلا، تاڭ ئاتقاندا ناماز ئوقۇيدىلا. شۇ چاغدا شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار نەق مەيدانغا كېلىدۇ، سىلى ئۇلارنى كۆرمىگەن بولۇپ نامازلىرىنى ئوقۇۋېرىدىلا،

نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە: «ئۈچ كۈندىن بېرى جەننەتتە ئەجەبمۇ راھەت كۆردۈم، مۇشۇ پا-نىي ئالەمدىكى ھاياتمۇ ھايات بولامدۇ ! مەن جەننەتتە كۆرگەن راھەتنى بەلكىم مۇشۇ پانىي ئالەمگە بىر چاغلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلايمان پەيغەمبەرمۇ كۆرمىگەن. ئاللا، ساڭا يۈزمىڭ رەھمەت !» دەيدىلا. دۇئا قىلىپ بو-لۇپ، يانلىرىغا كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشىدىلا. شۇ-نىڭدىن كېيىنكى گەپلەرنى مەن ئەھۋالغا قاراپ دىللىرىغا سالىمەن.

ئوڭ قول ۋەزىر خوتۇنىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى تاڭ سۈزۈلگەندە كېلىپ كۆرۈپتۇ: ئوڭ قول ۋەزىر بۇ چاغقىچە ھېچكىم كۆرمىگەن ئەڭ كاتتا تاج تاقاپ، كاتتا لىباس يېپىنىپ، قىبلىگە قاراپ، جەننەت راھەتلىرىنى بايان قىلىپ، خۇداغا شۈكۈر-سانا ئېيتىپ دۇئا قىلىۋاتقۇدەك. ئۇ ياشىرىپ كەتكەنمىش، چىرايىدىن پەرىشتىدەك نۇر يېغىپ تۇرغۇدەك. ئوڭ قول ۋەزىر شاھ قاتارلىقلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ:

— ئەي ئىبارا خۇدايا، كەرىمىڭ ئۇلۇغ، مېھىر-شەپقىتىڭنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەن، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، جەننەتكە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ نازۇ نېمەتلىرىگە، راھەت - پاراغەتلىرىگە نائىل قىلدىڭ، — دەپتۇ ۋە:

هېچ هالاۋەت تەڭ كېلەلمەس جەننەتتىكى راھەتىمگە،
كۆپ ئىبادەت تەڭ بولماس ئوتتا كۆيگەن تائىتىمگە.

دېگەن نەزمنى ئوقۇپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى: «بۇ ئوقىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ؟» دېيىشىپ، ھەيرانۇھەس بولۇشۇپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرگە بولغان ئۆچمەنلىكلىرىنى ئىچىدە بىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار ئوردىغا قايتىپتۇ. شاھ ئوڭ قول ۋەزىرنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ گەپ باشلاپتۇ:

— سىز ئوتۇننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ بولغۇچە، مېنىڭ ئالدىراڭغۇ، كەم ئەقىل چاپارمەنلىرىم ئوت يېقىۋېتىپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم. سىزنى قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلالماي يىغلىدۇق، قاقشىدۇق. بۈگۈن ئوت ئۆچكەچكە، جەسىتىڭىزنىڭ كۈلىنى بولسىمۇ تېپىپ، نامىزىڭىزنى چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلايلى دېيىشكەندۇق، ئەمما بىز سىزنى ھايات، ھەتتا ياشارغان ھالەتتە كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

— ئالىيلىرىغا رەھمەت، — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر.

— خوش، ئاللانىڭ سىزنى بىز بىلەن دىدارلىشىشقا قانداق نېسىپ قىلغانلىقىنىڭ بايانىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟ — دەپتۇ شاھ.

— ئوتۇننى تىزىپ بولۇپ، چۈشۈۋېلىشىمغا مۇمكىن

بولمىدى، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئۇلۇغ قول ۋەزىر، — رىز-
قىم شۇنچىلىك بولار، دەپ ئاللاغا سىغىندىم. مەن ئۇتتۇن
بىلەن كۆيدۈم، ئەمما جېنىم چىقمىدى. ئوت پەسەيگەن،
ئىس - تۈتەكلەر تارقىلىپ بولاي دېگەندە: «تۇر ئورنۇڭدىن!»
دېگەن ھەيۋەتلىك، ئەمما يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. كۆزۈم-
نى ئېچىپ قارىسام، مەھشەرگاھتا تۇرۇپتىمەن، ئەتراپىمدا
پەرىشتىلەر ماڭا قاراپ، ئاللادىن ئەمر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.
بىر چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئالدىمغا كۈلۈپ كېلىپ:
«ئەي ئاللانىڭ بەختلىك بەندىسى، سېنىڭ پانىي ئالەمدىكى
گۇناھلىرىڭ پانىي ئالەمنىڭ ئۆزىدە كۆيۈپ تۈگىدى، شۇڭا
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھازىر بولۇپ، ئاللانىڭ ئالدىدا
قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ساڭا ئاللادىن شاپائەت تىلىدى، ئاللا
قوبۇل قىلدى. ئاللاتائالا سېنى: ‹جەننەتنى زىيارەت قىل-
سۇن، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن تويغۇچە يەپ، ھەۋزىكەۋ-
سەردىن قانغۇچە ئىچىپ قانسۇن، ئاندىن پانىي ئالەمگە
قايتىپ بارسۇن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئەزرائىل
ئارقىلىق ئالمىدىم، ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەي، پانىي
ئالەمدە كىشىلەر ياسىغان دوزاختا كۆيدى. مەن قاچان
ئەزرائىلغا ئەمر قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغۇچە ياشاۋەر-
سۇن› دېدى. سەن ھازىر جەننەتكە كىرىپ بەھۇزۇر سەيلە -
تاماشا قىل. مانا بۇ جەننەت لىباسى، تاجىنى ئال» دېدى -
دە، غايىب بولدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قارىسام، ئا-
لەمدە تەڭداشسىز باغۇ بوستانلىق بىر ماكاندا تۇرۇپتىمەن،

ئەتراپىمدا جەننەتنىڭ ھۆرلىرى، ئۇلار ماڭا يول باشلىدى، پانىي ئالەمدە مەۋجۇت بولمىغان رەڭگارەڭ، ئاجايىپ قىممەتلىك لەئەل ـ ياقۇت، ئالتۇن، گۆھەردىن بىنا قىلىنغان كەڭ، ئاسمان ـ پەلەك قەسىرلەردە ئالتۇن كۇرسىلاردا ئولتۇرۇپ سەيلە ـ تاماشا قىلدىم، نازۇ نېمەتلەردىن تويۇغۇچە يېدىم. بۇلارنى ئادەم قانچە يېسە سىڭمەيدىكەن، ئازراق يېسىمۇ قورساق تويۇپ، زادى ئاچمايدىكەن.

ئوك قول ۋەزىر جەننەتنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندا شاھ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاغزىلىرىدىن ئاققان شۆلگەي ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى بۇلغاپتۇ، ھەممەيلەن جەننەتنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ ھېسابسىز ئوتۇن يىغدۇرۇپ، شاھ، سول قول ۋەزىر، دىۋانبېگى قاتارلىقلار ئوتۇننى تىزىپ مۇنار قىپتۇ ۋە ئۇستىگە چىقىپ، ئوتۇنغا ئوت ياقتۇرۇپتۇ ـ دە، كۆيۈپ كۇل بوپتۇ.

بىچارە پۇقرالار ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپتۇ. ئادالەتپەرۋەر ئوك قول ۋەزىر شاھ بوپتۇ. ئەل ئاۋات، ئاۋام باياشات ياشاپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4ODAuemlw",
"filename_decoded": "40209880.zip",
"filesize": 29825021,
"md5": "3841122a100ffe6b3310e1208e520ff1",
"header_md5": "c7e9e21b5db32eab8e74cf6d361ef0f9",
"sha1": "b6b628a50a5b1d17b360893aed5d4d995b4688ef",
"sha256": "3bb06771cc47a4e4490d0185f0c9d8911b660e2f130e5229a4a507567aced258",
"crc32": 1963853148,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 31742910,
"pdg_dir_name": "\u2557\u03b5\u256b\u253c\u2510\u2524\u2560\u221e\u2560\u251c\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209880",
"pdg_main_pages_found": 77,
"pdg_main_pages_max": 77,
"total_pages": 86,
"total_pixels": 337152078,
"pdf_generation_missing_pages": false
}